
1993.5
غايەت زور ... تىلەكلەر ... كۈچ
كىشىنى خۇشال قىلىدىغان ... ت
ئۇيغۇرلاردا ... رەڭ چۈشەنچىسى
مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىدىكى سىر
ئامېرىكىدا مۇھ...
مەنسۇپىيەت سېپىدىكى ... تولپار
مىللەتلەر ئىتتىپاقى
UNITY OF NATIONALITIES

# يېڭى ئورۇن يېڭى بۇرۇچ



مۇئاۋىن ۋېيىۋەنجاڭ پابالا گېلېلاڭجې (زاڭزۇ)



مۇئاۋىن ۋېيىۋەنجاڭ تۆمۈر داۋامەت

دۇ دىيەنۋىن

لى دۇڭرى

فوتوسى



مۇئاۋىن ۋېيىۋەنجاڭ بۇخ (موڭغۇل)



مۇئاۋىن ۋېيىۋەنجاڭ گەنكو (جۇاڭزۇ)



دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەد سىياسىي كېڭەش ئەزاسى ۋۇبىڭيا بىلەن سۆھبەتلەشمەكتە.



سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ياڭ جىڭرېن (خۇيزۇ)



سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن ئاپپى ئاۋاڭجىنمېي، سەيپىدىن ئەزىزى




بىز ھەممىدىن ياخشىسىنى تاللاپ بولالمايمىز،

ھەممىدىن ياخشىسى بىزنى تاللىسۇن.

# ئەسسالامۇئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك مۇشتىرى دوستلار

ژۇرنىلىمىز ۋە مۇشتىرىلىرىمىز ئۇچرىشىۋاتقاندا، بەنە يېڭى بىر يىلغا قەدەم قويۇش ۋاقتى كېلىپ قالدى، ژۇرنىلىمىزمۇ دۇنياغا كۆز ئاچقانلىقىنىڭ بەش يىللىق خاتىرە كۈننى ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىدا كۈتۈۋالماقتا. دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ نەشىر ئەپكارى «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ ئۇيغۇرچىسى 1989- يىلى 1- ئايدىن باشلاپ مەملىكەت ئىچىگە رەسمىي ئاشكارا تارقىتىلىشقا باشلىدى. بۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۇچۇن قىزغىن تەنتەنە قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئىش بولدى، دۆلىتىمىزنىڭ نەشرىيات تارىخىغىمۇ شانلىق بىر بەت قوشۇلدى. ئۇيغۇرچە «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى 4- يىلغا قەدەم قويغاندا تىراژى 18 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى، بەشىنچى يىلى بىراقلا 43 مىڭغا يەتتى. دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىمۇ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ مەنىۋى ۋە ماددىي جەھەتتىن زور مەدەت بەردى. ئۈرۈمچىدە مىللەتلەر ئىتتىپاقى ژۇرناللار نەشرىياتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسىنى قۇرۇشنى تەستىقلىدى ھەم مەخسۇس پۇل ئاجرىتىپ ئىشخانا، ئۆي، ماشىنا مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىپ بەردى.

ئۇيغۇرچە «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى ئەمدى تېخى بەش يىللىق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى. بەش يىل ئادەم ھاياتى ئۇچۇن ئېيتقاندا گۆدەكلىك دەۋرى ھېسابلىنىدۇ. بىر ژۇرنال ئۇچۇن ئېيتقاندىمۇ تەمتىلەپ مېڭىش، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش، جەمئىيەتكە ۋە مۇشتىرىلارغا تونۇلۇشنىڭ باشلىنىشىدۇر. ژۇرنىلىمىزنىڭ بەش يىللىقىنى خاتىرىلىگىنىمىزدە شۇنى ئىپتىخارلىق بىلەن جاكارلايمىزكى: ژۇرنىلىمىز تېخى غورا ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، كەڭ مەرىپەتخۇمار ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا، سەمىمىي ماختىشىغا سازاۋەر بولماقتا، تەھرىر بۆلۈمىمىزگە كېلىۋاتقان سان-ساناقسىز خەتلەردىن، تېلېفونلاردىن ياكى ئاغزاكى ئىپادىلەردىن بۇ نۇقتا ئايان بولماقتا. ئەمما بىز ماختاشلاردىن مەغرۇرلىنىپ كەتكىنىمىز يوق، بۇ ماختاش-ئالقىشلارنى ئىلھام ۋە تۈرتكە قىلىپ، ژۇرنالنى ھەر جەھەتتىن تېخىمۇ ئېسىللاشتۇرۇپ، كەڭ ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلاش ئىستىكىدە يېڭى-يېڭى پىلانلارنى تۈزمەكتىمىز.

ئەگەر مۇشتىرىلىرىمىز ژۇرنىلىمىزنى ئوقۇپ ئۆزىنىڭ قانۇنىي مىللىي ھوقۇق-مەنپەئىتىنى قوغداش جەھەتتە كۆڭلى ئانچە-مۇنچە تەسەللىي تاپسا، سەھىپىلىرىمىزدىن بەزىبىر پايدىلىق بىلىم-ساۋات، ئۇچۇرلارغا ئېرىشسە، ياكى ھېرىپ-چارچىغان، زېرىككەن چاغلىرىدا، ژۇرنىلىمىزنىڭ بەزى سەھىپىلىرى دەردىڭىزگە دەرمان بولۇپ، سىزنى بىر كۆڭلىئورۇلسە، ئەنە شۇ، مۇشتىرىلارنىڭ بىزگە بەرگەن ئالىي مۇكاپاتى بولىدۇ.

بىز ژۇرنىلىمىزنى ھەممە جەھەتتىن مۇشتىرىلارنىڭ كۆڭلىدىن چىقىۋاتىدۇ، دېيەلەيمىز. بىراق شۇنىسى سەمىڭىزدە بولسۇنكى، ئەگەر سىز بۇ ژۇرنالنىڭ ئىلگىرىكىدىن ياخشى چىقىۋاتقانلىقىغا ئىشەنسىڭىز، بۇنىڭدىن كېيىن ھازىرقىغا قارىغاندا تېخىمۇ ياخشى چىقىشىغا ئىشىنىۋېرىڭ. قىسقىسى، كەڭ مۇشتىرىلارنىڭ سىرداش دوستى بولۇش بىزنىڭ ئالىي مۇددىئايىمىز.

ھۆرمەت بىلەن «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

مۇشتىرى بولۇڭ . ماقالە ئەۋەتىڭ. مۇشتىرى بولۇڭ . ماقالە ئەۋەتىڭ

# مۇندەرىجە

## نەزەرىيە ۋە مۇھاكىمە


غايەت زور ھەرىكەتلەندۇرگۈچ كۈچ، كىشىنى خۇشال قىلىدىغان ۋەزىيەت
........................ ئۆز مۇخبىرىمىز (4)
ئاز سانلىق مىللەتلەر ئالىي مائارىپىنىڭ مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدا
تەدبىر ۋە تەكلىپ ........................ جاڭ خۇاجى (9)
سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ۋە مىللەتلەر مەسىلىسى ... جىن بىڭگاۋ (13)
بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا مىللىي مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدىكى
قاراشلىرىم ........................ ۋېي يېڭفېي (17)


## مىللەت ۋە ئاپتونوم جايلار


باۋئەن مىللىتى ۋە ئاپتونوم ناھىيىسى ........................ ئەلسۆيەر (21)
مېنىڭ ئۆيۈم جىششەندە ........................ ماجەنلوڭ (24)


## پايتەختتىكى ئۇيغۇرلار


مەنۋىيەت سېپىدىكى ھارماس تۆلپار ........................ تەلئەت ئىبراھىم (25)


## شەخسلەر


ناخشا خەزىنىسى ــ نىساخان ........................ نىياز مۇھەممەت (30)


## مىللەت ۋە ئۆرپ ـ ئادەت


ئۇيغۇرلاردا سىمۋوللۇق رەڭ چۈشەنچىلىرى ........................ ئابدۇكېرىم راخمان (33)
ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ بەلبېغى ــ پوتا ........................ مۇھەممەتتۇرسۇن ھەسەن (36)
ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ تەبىئىي گىرىم بۇيۇمى ــ ئوسما ... ئازادگۈل مەگسۇر (38)


## بىلىۋېلىڭ


مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىدىكى سىر ........................ (40)
تۇزنىڭ شىپالىق رولى ........................ (48)
ياقۇتنىڭ ئادەم بەدىنىگە زىيىنى بار ........................ (49)
خەت يېزىش قائىدىلىرى ........................ قۇربان توختى تەييارلىغان (43)
ئالتۇننىڭ شىپالىق رولى ........................ (55)





دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ باشچىلىقىدا چىقىدىغان سىياسىي، ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك ژۇرنال
(ئومۇمىي 30 ـ سان)

باش مۇھەررىر:
**ئىدرىس بارات**
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
**ئەكبەر ئېلى**
مەسئۇل مۇھەررىر:
**خەمىت نىغمەت**




لىسۇ



تۇزۇ

# مۇندەرىجە


## دۇنيا مىللەتلىرى

ئامېرىكىدا مۇھەببەت ۋە توي ............................ مۇراددىل (41)

## تەرمىلەر

تۇنجى بانكا قانۇنى ........................................ (48)

ئەڭ كىچىك مۇتەخەسسىس ........................................ (49)

تۆت ياشلىق ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ........................ (48)

مەجبۇرىي ياتلىق قىلىش ........................................ (49)

ئېلىمىزدىكى بىر نەچچە كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭچەت ئەلچە نامى .......... (48)

زامانىمىزدىكى بىر دادىنىڭ ئوغلىغا قىلغان نەسىھىتى ...................... (50)

## دەردىڭگە دەرمان بولاي

ھەزىل سوئالغا ھەزىل جاۋاب ........................................ (52)

## يېڭى ئىزاھلار

شەيتان لۇغەت ........................................ (53)

## گۈلدەستە

ئالتىنچى بالا(ھېكايە) ........................ تۇرسۇنجان مۇھەممەت (54)

## كۆلكە خۇرۇچلىرى

يۇمۇرلار ........................................ (60)

ھەجۋىي رەسىملەر ........................................ (63)

## گۈزەل سەنئەت گۈلزارى

مۇقاۋىدا: ئۇرۇم تال ئاستىدا ........................................

2- بەتتە: يېڭى ئورۇن،يېڭى بۇرۇچ ........................ دۇدىيەنۇن فوتوسى

3- بەتتە: قايىنام جايىار ھۆسن خەتلىرىدىن تاللانما ........................

4- بەتتە: قىزىل گۈل ........................ ھېسامىدىن فوتوسى





«مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرناللار نەشرىياتى نەشر قىلدى

ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى

(ئۈرۈمچى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 22- قورۇ) پوچتا نومۇرى: 830000

«شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

تاق ئايلارنىڭ 25-كۈنى نەشردىن چىقىدۇ

دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئاشكارا تارقىتىلىدۇ

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ

ھەر يىلى 5- ۋە 10-ئايلاردا جايلاردىكى پوچتىخانىلار ئارقىلىق مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ

ۋەكالەت نومۇرى: 117 ـ 58

خەلقئارالىق پوچتا ۋەكالەت نومۇرى:

BM 178U




بۇلاك



ده يزۇ

بۇلتۇر 1 - ئايدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن بېيجىڭدا داغدۇغىلىق چاقىرغان مەركىزىي مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنى پارتىيىمىزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى تارىخىدىكى ئىنتايىن مۇھىم بىر قېتىملىق يىغىن. باش شۇجى جياڭ زېمىن، زۇڭلى لى پېڭ مۇھىم سۆز قىلىپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيانقى مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ غايەت زور نەتىجىلىرىنى نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرگەن ھالدا يەكۈنلىدى ۋە يېڭى دەۋردىكى مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ فاڭجېن، سىياسەت ۋە ئاساسىي ۋەزىپىلىرىنى چوڭقۇر شەرھلىدى. بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ روھى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ۋە ھىمايىسىگە ئېرىشتى، شۇنداقلا خەلقئارا جامائەت پىكرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى. ئارقىدىنلا، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جەنۇبىي جۇڭگونى كۆزدىن كەچۈرگەن چاغدىكى مەشھۇر سۆھبىتى ئېلان قىلىندى، پارتىيىنىڭ 14 - قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى. مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا جۇشقۇن يېڭى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. كەڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا ۋە مىللىي رايونلاردا ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ قەدىمى روشەن ھالدا تېزلەشتى، جەمئىيەت مۇقىم بولدى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلاشتى، سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇستەھكەملەندى ۋە راۋاجلاندى.

## غايەت زور ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ، كىشىنى خۇشال قىلىدىغان ۋەزىيەت

### — مەملىكەت بويىچە مەركىزىي كومىتېت مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىدىن ئومۇمىي بايان

ئۆز مۇخبىرىمىز

1. جايلار مەركىزىي كومىتېت مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنى ۋە يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈرگەندىكى سۆھبىتىنىڭ روھىغا ئاساسەن، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتىدىن ئىبارەت ئاساسىي ئىدىيىنى چۆرىدىگەن ھالدا، يىغىن روھىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى كونكرېت تەدبىرلەرنى ۋە يولغا قويۇش لايىھەلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، دەسلەپكى قەدەمدە ئۈنۈم ھاسىل قىلدى.

— سەككىز ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ۋە كۆپ مىللەتلىك بەزى ئۆلكە، شەھەرلەر مۇئەييەن كۆلەمدە ماركسىزملىق مىللەت قارىشى ۋە مىللەتلەر سىياسىتى توغرىسىدا ئومۇميۈزلۈك بىر نۆۋەت قايتا تەربىيە ئېلىپ باردى. تەشۋىقات - تەربىيە ئارقىلىق، كەڭ كادىرلار ۋە ئامما يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا شۇنى تونۇپ يەتتىكى: مەركىزىي كومىتېت مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنى روھىنىڭ يادروسى پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇپ، پايدىلىق پەيتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ۋە مىللىي رايونلارنى چوڭ ئىسلاھات قىلىش، چوڭ ئېچىۋېتىش، چوڭ راۋاجلاندۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ۋەتەن بىرلىكىنى قوغداش، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرۇش ۋە تۈرتكە بولۇشتىن ئىبارەت.

— ئىقتىسادىي تەرەققىيات سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىنىڭ يېڭى بىر پەللىگە چىقىشىنى تېخىمۇ تېز، تېخىمۇ ئوبدان قولغا

كەلتۈرۈش ھەر قايسى جايلارنىڭ مەركىزىي كومىتېت مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىنىڭ ۋە يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈرگەن چاغدىكى سۆھبىتىنىڭ روھىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشىدىكى ئاساسىي مەزمۇن بولۇپ قالدى. مىللىي رايونلار پائال ھەرىكەتكە كېلىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن بەرگەن تۈرلۈك ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى تىرىشىپ ياخشى، جانلىق، تولۇق قوللىنىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى چىڭ تۇتۇپ، تەڭشەپ ۋە ياخشىلاپ، پائال تۈردە بازارغا ئاتلىنىپ، قۇرۇلۇش مەبلىغىنى ھەر خىل چارە - تۈسۈللار بىلەن توپلاپ، بايلىق مەنبەلىرىنى ئېچىشقا تايىنىپ، يەرلىك ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. بۇلتۇر، مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سۈرئىتى كۆرۈنەرلىك ھالدا تېزلەشتى. سەككىز ئۆلكە، ئاپتونوم رايوننىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 11.4% ئاشتى؛ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدىن يەنە مول ھوسۇل ئېلىندى؛ مۇقىم مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ زور ھەجىمدە كۆپەيدى، مەبلەغنىڭ كۆپىيىش مىقدارى داۋاملىق تۈردە ئاساسىي ساناھەت ۋە ئاساسىي ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشىغا قاراپ يۈزلەندى؛ ساناھەت ئىشلەپچىقىرىش ئۇدا ئاشتى، چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلارنىڭ ھاياتىي كۈچى كۈچەيدى، خام چوت ئىچىدىكى ساناھەت كارخانىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ئاز - تولا ياخشىلاندى. قاتناش - ترانسپورت ۋە پوچتا - تېلېگراف خەۋەرلىشىش ئىشلىرى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇكەممەللەشتى ۋە راۋاجلاندى.

— جايلار يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈرگەن چاغدىكى سۆھبىتىنىڭ روھىنىڭ ئىلھامى ئاستىدا، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش قەدىمىنى ئومۇمىيۈزلۈك تېزلەتتى ھەمدە بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا جۇشقۇن ھاياتىي كۈچ قوشتى.

بۇلتۇردىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن چېگرا ياقىسىدىكى شەھەرلەرنى ۋە ئۆلكە مەركىزى، ئاپتونوم رايونلارنىڭ مەركىزى قىلىنغان شەھەرلەرنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئېچىۋېتىپ، دېڭىز ياقىسىدىكى، دەريا ياقىسىدىكى، چېگرا ياقىسىدىكى شۇنداقلا لىنىيە ياقىسىدىكى جايلارنى ئومۇمىيۈزلۈك ئېچىۋېتىشتەك يېڭى ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە مىللىي رايونلارنىڭ ئەتراپتىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان سودا ئالاقىسى ۋە ئىقتىسادىي - تېخنىكا ھەمكارلىقىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا قولايلىق شەرت - شارائىت يارىتىپ بەردى. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان سەككىز ئۆلكە، ئاپتونوم رايون قاتارلىق جايلار قولايلىق پەيتنى چىڭ تۇتۇپ، چېگرا سودىسىنى يول ئېچىش يۈزلىنىشى قىلىپ، ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ مەركىزىي شەھىرىنى ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئاچقۇچى قىلىپ، دۆلەت سودىسى، يەرلىك سودا، چېگرا سودىسى قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، ئىشىكنى سىرتقا ئومۇمىيۈزلۈك ئېچىۋېتىپ، جۇغراپىيىلىك ئۈستۈنلۈك ئارقىلىق تەبىئىي بايلىق ئۈستۈنلۈكىدىن پايدىلىنىپ، سودا ئارقىلىق باشقا كەسىپلەرنىڭ بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي - تېخنىكا ھەمكارلىقىنى يېڭى باسقۇچقا كىرگۈزدى. يۇقىرىقى جايلارنىڭ پۈتۈن يىللىق تاشقى سودىدىكى ئىمپورت - ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 3 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىسىدىن 23% ئاشتى، ئۇنىڭ ئىچىدە، چېگرا سودىسىنىڭ يۇقىرى سۈرئەتتە ئېشىشى بىر قەدەر گەۋدىلىك بولدى؛ چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش سەۋىيىسى كۆرۈنەرلىك ئۆستى، چىڭخەي ئۆلكىسى «ئۈچ خىل مەبلەغ» كارخانىسى جەھەتتىكى «0» ھالىتىنى بۆسۈپ ئۆتتى.

— مەركىزىي كومىتېت مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىدىن كېيىن، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە مىللىي رايونلارنىڭ تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلىرىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. ئاز سانلىق مىللەت زىيالىيلىرى ۋە پەن - تېخنىكا قوشۇنى ئۈزلۈكسىز زورايدى؛ ئەنئەنىۋى مۇنەۋۋەر ئەدەبىيات - سەنئەت يېڭى تۈرلەرنى چېچىپ، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت گۈلزارى ئاۋاتلاشتى؛ مىللىي رايونلاردا دەسلەپكى كۆلەمدىكى رادىئو، تېلېۋىزىيە تورلىرى قۇرۇلدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، نەشرىيات خىزمىتى، كىنو ئىشلىرىدىمۇ يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە مىللىي رايونلارنىڭ سەھىيە ئىشلىرىدىكى ئاساسىي قۇرۇلۇش ۋە داۋالاش، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمەتلىرى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۈچەيتىلىپ، كەسپىي سەھىيە قوشۇنى ئۈزلۈكسىز زورايدى؛ مىللىي تەنتەربىيە ئىشلىرىغا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئەھمىيەت بېرىلدى.

— مەركىزىي كومىتېت مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىنىڭ ئېچىلىشى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ (1991) 70 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ تارقىتىلىشى مەملىكىتىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى قانۇنچىلىق ئىزىدا تېخىمۇ مۇستەھكەملىدى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى. جايلار ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدىكى پرىنسىپلارغا ئاساسەن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى رولىنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرماقتا. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى ۋە تۈرلۈك كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈش ۋە ئىشقا قويۇش خىزمىتى بارغانسېرى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىكنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىماقتا، بەزى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار بۇ خىزمەتنى مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتىكى بىر تۈرلۈك تۈپ ۋەزىپە قاتارىدا تۇتتى. مىللەتلەر خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان تارماقلارنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئومۇميۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈندى ۋە ئۇ خىزمەت كۈچەيتىلدى.

2. مەركىزىي كومىتېت ئورگانلىرى، دۆلەت ئورگانلىرىدىكى ھەر قايسى تارماقلار، ئازادلىق ئارمىيە ۋە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار بىرلەشمىسى ۋە دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار، سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى قاتارلىقلارمۇ پائال ھەرىكەتكە كېلىپ، ئالاقىدار مىللەتلەر خىزمىتىنى ئۆزلىرىنىڭ مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، كونكرېت ئەمەلىيلەشتۈرۈش تەدبىرلىرىنى تۈزدى ھەمدە ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇردى، بۇ جەھەتتە كۆپ يىللاردىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى.

— ئالاقىدار ئىقتىسادىي تارماقلار تۈرلۈك ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى پائال تۈزۈپ ۋە ئالاقىدار قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى تەسىس قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈچۈن ياخشى شارائىت ھازىرلاپ بەردى.

— بەزى تارماقلار مىللىي رايونلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، مەبلەغ سېلىش، قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى بېكىتىش، ترانسپورت، خەۋەرلىشىش، تېخنىكا يېتەكچىلىك، سىستېمىلار بويىچە ياردەم بېرىش، ئەقلىي كۈچ جەھەتتە چېگرا رايونلارغا ياردەم بېرىش، ئۇچۇر جەھەتتە مەسلىھەت بېرىش، ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈش، نامراتلارنى يۆلەپ بېيىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە تەشەببۇسكارلىق

بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ۋە مىللىي رايونلارغا سىياسەت جەھەتتە ئېتىبار بەردى ۋە پائال يار-يۆلەك بولدى؛ بەزى تارماقلار خىزمەتتە ئالاقىلىشىش ئۆتكەللىرىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن مىللىي رايونلارغا قۇردى.

— ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە مىللىي رايونلارنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پەن-تېخنىكا، مائارىپ، نەشرىيات، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە قاتارلىق تارماقلارنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىگە ئېرىشتى؛ مىللەتلەر خىزمىتى ساھەسىدىكى ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى كۈچەيتىلدى.

— ئازادلىق ئارمىيە «ئىككىنى ھىمايە قىلىش» ئورتاق مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش پائالىيەتلىرىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، مەركىزىي كومىتېت مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ۋە ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى چىڭىتتى.

3. دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېت ۋە جايلاردىكى مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرى يولداش دىڭ شياۋپىڭنىڭ جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈرگەندىكى سۆھبىتىنىڭ روھىنى ۋە مەركىزىي كومىتېت مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئۆزىنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك مۇھىم خىزمىتى قىلىپ تۇتۇپ، مەركەزدىكى دۆلەتنىڭ ھەر قايسى تارماقلىرىغا ۋە جايلاردىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىك ئورگانلىرىغا پائال ھەمكارلىشىپ ۋە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، يىغىن روھىنى ھەقىقىي تۈردە ياخشى ئىزچىللاشتۇردى ۋە ئەمەلىيلەشتۈردى.

— دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسى كومىتېتقا قاراشلىق تارماقلار ۋە ئورۇنلاردىكى مەسئۇل يولداشلارنى ھەم مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ئەزالىرى تۇرۇشلۇق مىنىستىرلىك، كومىتېتلاردىكى يولداشلارنى كۆپ قېتىم چاقىرىپ يىغىن ئېچىپ، يىغىن روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئەھۋالى ۋە تەدبىرلىرى ئۈستىدە مەخسۇس مۇھاكىمە ۋە ئالماشتۇرۇش ئېلىپ باردى، ھەمدە باش شۇجى جياڭ زېمىن يىغىندا ئوتتۇرىغا قويغان 90-يىللاردىكى مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ بەش تۈرلۈك ئاساسىي ۋەزىپىسى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ (1991) 70-نومۇرلۇق ھۆججىتىدىكى تەلەپلەرگە ئاساسەن، پارچىلاپ ئۆز جايىغا يەتكۈزۈش چارىسىنى قوللىنىپ، مەسئۇلىيەتنى دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ھەر قايسى مەھكىمە، ئىشخانىلىرىغا، كومىتېتقا قاراشلىق ھەر قايسى ئورۇنلارغا قەدەر ئەمەلىيلەشتۈردى.

— دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىدىكى بىر گۇرۇپپا كىشى پائال تۈردە خادىملارنى باشلاپ ۋە تەشكىللەپ جايلارغا ۋە ئاساسىي قاتلام ئورۇنلارغا چۈشۈپ، ئالاقىدار جايلار چاقىرغان مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنلىرىغا قاتنىشىپ، جايلارنىڭ ۋە تارماقلارنىڭ يىغىن روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى ئۆز ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ ئىگىلىدى، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئالاقىدار كومىتېت، مىنىستىرلىكتىكى يولداشلارنى چاقىرىپ، بىر نەچچە تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئۇيۇشتۇرۇپ، شەرقىي شىمال، غەربىي شىمال، غەربىي جەنۇب ۋە ئىچكى موڭغۇل قاتارلىق چېگرا ياقىسىدىكى جايلارغا بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

— دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ۋە جايلاردىكى مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرى ئۆزلىرىنىڭ خىزمەت ۋەزىپىسىنى ئاساس قىلىپ، يىغىندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋەزىپە ۋە تەلەپلەرگە ئاساسەن، جايلارغا ۋە تارماقلارغا پائال ھەمكارلىشىپ ھەم ماسلىشىپ، سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت قاتارلىق ساھەلەردە، بولۇپمۇ مىللىي

رايونلاردىكى پىلان ۋە مالىيە تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش، چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلارنى جانلاندۇرۇش، ئاساسىي ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشى، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنى تۈزۈش، ھەر خىل تۈردىكى ئېچىۋېتىلگەن رايونلارنى ۋە تەجرىبە رايونلىرىنى تەسىس قىلىش، چېگرا سودىسى، ئىچكىرىدىكى تەرەققىي قىلغان رايونلار بىلەن مىللىي رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى سىستېمىلار بويىچە ياردەم بېرىش، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش قاتارلىق نۇرغۇنلىغان تەرەپلەردە، كۆپلىگەن خىزمەتلەرگە ئارىلاشتى.

— پارتىيىنىڭ 14 - قۇرۇلتىيى غەلىبىلىك چاقىرىلغاندىن كېيىن، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، 1992 - يىلى 11 -، 12 - ئايلاردا مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر نەزەرىيىسى مۇھاكىمە يىغىنى ۋە مەملىكەتلىك مىللەتلەر خىزمىتى بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىنى ئاچتى. بۇ ئىككى يىغىننىڭ مەقسىتى: 14 - قۇرۇلتاينىڭ روھىنى ھەقىقىي تۈردە ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەركىزىي كومىتېت مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنى ئوتتۇرىغا قويغان تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى سىستېمىسىدىكى ۋە مىللەتلەر خىزمىتى سېپىدىكى يولداشلارنىڭ ئىدىيىسىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىپ، روھىنى ئۇرغۇتۇپ، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، مىللەتلەر خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت.

بىر يىلدىن بۇيان، جايلار، تارماقلار مەركىزىي كومىتېت مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىدە نەتىجە ياراتتى. شۇنداقتىمۇ، مىللەتلەر خىزمىتى يېڭى ۋەزىيەتتە، بولۇپمۇ بازار ئىگىلىكى شارائىتى ئاستىدىكى يېڭى ئەھۋال ۋە يېڭى مەسىلىلەرگە دۇچ كەلمەكتە. بۇ، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرىنىڭ 14 - قۇرۇلتاينىڭ روھىغا ۋە مەركىزىي كومىتېت مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئۆزلىرىنىڭ خىزمەت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىپ، ھەل قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

## 21 - ئەسىردە يېڭىچە كالېندار ئىشلىتىلىشى مۇمكىن

ھازىر دۇنيادا ئىشلىتىلىۋاتقان كالېندارلاردا نۇرغۇنلىغان يېتەرسىزلىكلەر بار. شۇڭا خەلقئارالىق يىلنامە تۈزۈش كومىتېتى بىر خىل يېڭىچە كالېندار لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ خىل كالېندارلاردا بىر يىل 12 ئاي، ئۈچ ئاي بىر پەسىل بولۇپ، ھەر پەسىلنىڭ 1 - ئېيى 31 كۈندىن، قالغان ئىككى ئېيى 30 كۈندىن بولىدۇ. ھەر پەسىلنىڭ 1 - كۈنى تۇراقلىق ھالدا يەكشەنبە، ئەڭ ئاخىرقى بىر كۈنى دەل شەنبە بولىدۇ. بۇنداق بولغاندا بىر يىل ئىچىدىكى چوڭ ئاي، كىچىك ئاي ۋە ھەپتىلەر قانۇنىيەتلىك بولىدۇ.

بۇ كالېنداردا بىر يىل 364 كۈن بولۇپ، ئەسلىدىكى 365 كۈندىن بىر كۈن ئېشىپ قالىدۇ. ئېشىپ قالغان بۇ بىر كۈننىڭ ھەپتىنىڭ قايسى ئىكەنلىكىمۇ ئايرىلمايدۇ. پەقەت پۈتۈن يىلنىڭ ئەڭ ئاخىرىغا قويۇلۇپ، مەلۇم بىر خەلقئارالىق بايرام كۈنى قىلىپ بېكىتىلىپ، دۇنيادىكى خەلقلەرنىڭ ھەممىسى دەم ئالىدۇ. ئەگەردە كەبىسە يىلىغا توغرا كەلگەندە ئېشىپ قالغان بۇ بىر كۈن 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى بىلەن 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئارىلىقىغا ئورۇنلاشتۇرۇلسا، يەنىلا خەلقئارالىق بايرام كۈنىگە توغرا كەلگەن بولىدۇ. بۇ خىل كالېندار 21 - ئەسىردىن باشلاپ ئىشلىتىلىشى مۇمكىن.

# ئاز سانلىق مىللەتلەر ئالىي

# مائارىپىنىڭ مېخانىزمىنى

# ئۆزگەرتىش توغرىسىدا تەدبىر

# ۋە تەكلىپ

جاڭ خۇاجى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيانقى 40 نەچچە يىل مابەينىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئالىي مائارىپى يوقلۇقتىن بارلىققا كەلدى، كىچىكلىكتىن زورايدى. مەبلىغ سانىنىڭ كۆپىيىشى جەھەتتىن بولسۇن ياكى سۈپىتىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى جەھەتتىن بولسۇن بۇ جەھەتتە ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. گەرچە ئەھۋال مۇشۇنداق بولسىمۇ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى تۈرلۈك ئىشلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئەسلى ئېھتىياجى بىلەن سېلىشتۇرغاندا پەرق يەنىلا خېلى زور. بۇنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىسى — تەربىيىلىنىپ چىققان ئىختىساسلىق خادىملار جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايۋاتىدۇ. بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى جىددىي ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقان ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش قىيىن بولماقتا. بىز تەربىيىلەپ بېرەلەيدىغان ئوقۇغۇچىلارغا قارىتا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئېھتىياجى ئانچە زور ئەمەس. «ئېھتىياج بىلەن تەمىنلەش» ئوتتۇرىسىدىكى بۇ خىل زىددىيەتنى كۆپ تەرەپلىمە ئامىللار كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتىدۇ.

بىرىنچىسى، تۈزۈلمە مەسىلىسى. بىزگە ئايانكى، نۆۋەتتە يولغا قويۇلۇۋاتقان ئاز سانلىق مىللەتلەر ئالىي مائارىپى تۈزۈلمىسى پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىدە بارلىققا كەلگەن بولۇپ، دۆلەت ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ۋە ئۇلارنى تەقسىملەشتە بۇيرۇق خاراكتېرلىك پىلاننى يولغا قويۇپ كەلگەنلىكتىن مەكتەپلەردە زۆرۈر بولغان ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقى كەم بولماقتا.

ئىككىنچىسى، سىياسەت مەسىلىسى. دۆلەت ئۇزۇن ۋاقىتلاردىن بۇيان ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپىغا قارىتا دۆلەت ھەممە ئىشنى ھۆددىگە ئېلىش، «ئالىي مەكتەپكە چىقىشنى ھۆددىگە ئېلىش»، «كادىر بولۇشنى ھۆددىگە ئېلىش» سىياسىتىنى قوللانغانلىقتىن مەكتەپلەرنىڭ رىقابەت ئارقىلىق ئۆز - ئۆزىنى ئۆزلۈكىدىن تەرەققىي قىلدۇرۇش ھالدا چەكلەش ئىقتىدارى كەم بولماقتا.

ئۈچىنچىسى، ئىچكى تۈزۈلمە ئىچىدىكى مەسىلە. مىللىي ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تارقىلىش ئورۇنلىرىنىڭ مۇۋاپىق بولۇپ كەتمىگەنلىكى، پەنلەر ۋە كەسىپلەرنىڭ تەسىس قىلىنىشىنىڭ كونىچە



بولۇۋاتقانلىقى، ئوقۇتۇش مەزمۇن سىستېمىسى پەن ۋە تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ ئالدىنقى سېپىنى بويلىغان مەزمۇنلارنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمەيۋاتقانلىقى، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى جەھەتتە ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەشلەرنىڭ يېتەرسىز بولۇۋاتقانلىقى قاتارلىق سەۋەبلەر مىللىي ئالىي مائارىپنىڭ كۆلىمى ۋە ئۈنۈمدارلىقىنى جارى قىلدۇرۇشقا توسقۇن بولماقتا، مەكتەپلەرنىڭ تېگىشلىك بولغان مەكتەپ باشقۇرۇش ئۈنۈمىنىڭ يېتەرسىز بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى ئاستىدا ئەگەر يۇقىرىقى مەسىلەر بىر قەدەر ياخشى بىر تەرەپ قىلىنمايدىكەن، تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياج ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت تېخىمۇ گەۋدىلىك بولىدۇ.

يۇقىرىدىكى تەھلىل شۇنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئالىي مائارىپىنىڭ مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىش تارىخى ۋە رېئال جەھەتتە مۇقەررەرلىككە ئىگە. شۇنداق ئىكەن، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئالىي مائارىپىنىڭ مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىش جەريانىدا قانداق تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك؟

ئاز سانلىق مىللەتلەر ئالىي مائارىپىنىڭ مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىش ماكرولۇق، مىكرولۇق باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ۋە باشقۇرۇش تۈزۈمى شۇنداقلا ئىگىلىك باشقۇرۇش شەكلى جەھەتلەردىكى ئىسلاھاتقا بېرىپ چېتىلىدۇ.

ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھاتتىن بۇيانقى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئالىي مائارىپىنىڭ ئەمەلىيىتى ۋە ئۇنىڭ ھازىرقى ھالىتىدىن قارىغاندا، مېنىڭچە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئالىي مائارىپىنىڭ مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىشتە ئاساسەن تۆۋەندىكى مەسىلىلەرنى ياخشى ھەل قىلىش كېرەك.

1. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئالىي مائارىپى مېخانىزمىنىڭ نىشانى ۋە ئەندىزىسىنى توغرا بېكىتىش كېرەك.

دۆلەت مائارىپ كومىتېتىنىڭ «ئالىي مائارىپنى ئىسلاھ قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىش ۋە ئۇنى پائال راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدا پىكىر» دېگە ئاساسەن دۆلىتىمىزنىڭ ئالىي مائارىپىدا دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئېھتىياجىغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇيغۇنلىشالايدىغان، ئۆز - ئۆزىنى رىغبەتلەندۈرىدىغان، ئۆز - ئۆزىنى يۈكسەلدۈرىدىغان، ئۆز - ئۆزىنى چەكلەپ تۇرىدىغان ھەرىكەت مېخانىزمىنى پەيدىنپەي تۇرغۇزۇشى لازىم. شۇڭلاشقا، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئالىي مائارىپى مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىشنىڭ نىشانى، ئۇسۇلى ۋە قەدەم باسقۇچلىرىنىمۇ مۇشۇ باش نىشانغا ئاساسەن بېكىتىش لازىم. كونكرېتراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئالىي مەكتەپلىرىدىن كۆز قاراشنى ئۆزگەرتىپ، بازار ئىگىلىكىنىڭ ئېھتىياجىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ۋە ئۇنىڭغا ماسلىشالايدىغان، ئېچىۋېتىلگەن، جانلىق، ئۈنۈمى يۇقىرى بولغان ھەم ئادەتتىكى ئالىي مائارىپ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ھەم ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە، جانلىق، جۇشقۇن ھەرىكەت مېخانىزمىنى تەدرىجىي ھالدا تۇرغۇزۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئالىي مەكتەپلىرىنىڭ مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ ئىلكىدە بولۇپ قېلىشتەك ئورنىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇلارنى ھەقىقىي تۈردە نىسبىي مۇستەقىللىق ۋە قانۇنىي ئورۇنغا ئىگە ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئەمەلىي گەۋدە قىلىپ قۇرۇپ چىقىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

بىزگە ئايانكى، رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەھۋالىنىڭ تەكشى بولمىغانلىقى تۈپەيلىدىن، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئالىي مەكتەپلىرىنىڭ ئەھۋالىدىمۇ ناھايىتى زور پەرق بار. شۇڭلاشقا، مېخانىزمنى ئۆزگەرتىشتىمۇ ئوخشاش بىر خىل قېلىپنى قوللىنىپ «تەڭ قەدەم تاشلاپ مېڭىش»قا بولمايدۇ، نىشانغا بىرلا ۋاقىت ئىچىدە

يېتىشكە تېخىمۇ بولمايدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئالىي ماتارىپىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى چىقىش قىلغان ھالدا مۇنداق بىر نەچچە خىل شەكىلنى تاللاپ قوللىنىشنى ئويلىشىپ بېقىشقا بولىدۇ: بىرىنچى خىلى، بىرلىشىپ مەكتەپ باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش. كەسىپچانلىقى كۈچلۈكرەك بولغان بەزى مىللىي ئالىي مەكتەپلەر ئۆزى تۇرۇشلۇق رايوندىكى ئوخشاش كەسىپتىكى كارخانىلار بىلەن (مەسىلەن، ئورمانچىلىق كەسپىدىكى ئالىي مەكتەپلەر ئورمانچىلىق شىركەتلىرى بىلەن) بىرلىشىپ مەكتەپ باشقۇرۇشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويسا بولىدۇ. مەكتەپلەردە مۇدىرىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلار، كارخانا، مەكتەپ بىرلىكتە مۇدىرىيەتنى تەشكىللەپ مەكتەپنى بىرلىكتە باشقۇرۇش، مەكتەپ تەرەققىياتىدىكى زور مەسىلەرنى بىرلىكتە مۇزاكىرە قىلىپ ئورتاق قارار چىقىرىش، مەكتەپ باشقۇرۇش راسخوتىنى بىرلىكتە تەييارلاش. ئىككىنچى خىلى، بەرلىكلەشتۈرۈشنى يولغا قويۇش. بۇ دېگەنلىك، ھازىرقى مەركەزنىڭ مىنىستىرلىكلىرىگە قاراشلىق بىر قىسىم مەكتەپلەرنىڭ يەرلىكنىڭ باشقۇرۇشىدا بولماسلىق ھالىتىنى ئۆزگەرتىپ، بۇ مەكتەپلەرنى تەدرىجىي ھالدا يەرلىك ئورۇن باشقۇرىدىغان قىلىش، شەرت شارائىت يار بەرگەن جايلاردا مىنىستىرلىكلەرگە تەۋە مەكتەپلەرنى يەرلىكنىڭ باشقۇرۇشىغا چۈشۈرۈپ بېرىش لازىم. مەكتەپتە تەسىس قىلىنغان پەن، كەسىپلەر ئالدى بىلەن مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشى، مەكتەپ تۇرۇشلۇق رايوندىكى خەلقلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بولۇشى لازىم. ئۈچىنچى خىلى، مۇھىم نۇقتىنى بۆسۈپ ئۆتۈش. ھازىرقى باسقۇچتا مىللىي ئالىي ماتارىپنى راۋاجلاندۇرۇشتا ھەم ئىككى تەرەپلىملىك نۇقتىنىشىنەزەردە چىڭ تۇرۇش ھەم مەسىلىنىڭ ئاساسىي تەرىپىنى تۇتۇش لازىم. يەنى ھازىر بار بولغان ئاز سانلىق مىللەتلەر ئالىي مەكتەپلىرىنى

تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئوقۇتۇش تارىخى ئۇزۇن، ئەمەلىي كۈچى كۈچلۈك، نەمۇنىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان بىر قىسىم ئالىي مەكتەپلەرنى تاللاپ، ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ ۋە مالىيە كۈچىنى توپلاپ نۇقتىلىق قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنى ئالدى بىلەن قەد كۆتۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، مۇئەييەن سەۋىيەت ئۆزگەرتىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى لازىم.

2. ھۆكۈمەت فۇنكسىيىسىنى ئۆزگەرتىش كېرەك. دۆلەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئالىي مەكتەپلىرىگە قاراتقان مەركەزلەشتۈرۈش ئاساسىدىكى پىلانى ۋە بىۋاسىتە باشقۇرۇشتەك مەكتەپ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش كېرەك. بۈگۈنكىدىكى ھالقىلىق مەسىلە — ھۆكۈمەت، جەمئىيەت ۋە مەكتەپتىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئالىي مەكتەپلىرىنى ئازسانلىق مىللەت رايونلىرىغا يۈزلەندۈرۈپ، ئۆزىنگە ئۆزى خوجا بولۇش ئاساسىدا مەكتەپ باشقۇرىدىغان قىلىش كېرەك.

1) ھۆكۈمەت بىلەن كەسپىي ئورۇنلارنى ئايرىش پرىنسىپىغا ئاساسەن، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئالىي مەكتەپلىرىنىڭ ھوقۇق ۋە بۇرچىنى، مەنپەئەت ۋە مەسئۇلىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، مەكتەپلەرنى نىسپىي مۇستەقىل بولغان مەكتەپ باشقۇرىدىغان ئەمەلىي گەۋدە قىلىپ قۇرۇپ چىقىش لازىم.

2) ھۆكۈمەت فۇنكسىيىسىنى ئۆزگەرتىشنىڭ يادروسى — ئورگانلارنى ئىخچاملاپ، ھوقۇقنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈش. يەنى، باشقۇرۇشقا تېگىشلىك بولمىغان، ياخشى باشقۇرالمىغان ھوقۇقلارنى مەكتەپلەرگە چۈشۈرۈپ بېرىش. مەكتەپلەرنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇشتا ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىنى كۆپەيتىش لازىم. ھۆكۈمەتتىن ئىبارەت مەمۇرىي باشقۇرغۇچىلارنىڭ مەسئۇلىيىتى مۇنۇلاردىن ئىبارەت بولىدۇ: (1). ئاز

سانلىق مىللەتلەر ئالىي مائارىپىدىن ئىبارەت بۇ بىر پۈتۈن گەۋدىنىڭ تەرەققىيات پىلانى ۋە فاڭجېن - سىياسەتلىرىنى بەلگىلەش. (2) ئاز سانلىق مىللەتلەر ئالىي مائارىپىنى ئومۇمىي سان جەھەتتىن تەڭپۇڭلاشتۇرۇش، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئالىي مائارىپ قۇرۇلمىسىنىڭ زور نىسبەت مۇناسىۋەتلىرىنى بەلگىلەش. (3) قانۇن تۈزۈش. ئىقتىساد، باھالاش، مۆلچەرلەش، شۇنداقلا زۆرۈر بولغان مەمۇرىي ۋاسىتىلەردىن پايدىلىنىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئالىي مەكتەپلىرىگە قارىتا ماكرولۇق باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش، ھۆكۈمەتنىڭ ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەش مۇلازىمىتىگە ئوخشاش بەزى فۇنكسىيىلىرىنى

ئاز سانلىق مىللەتلەر ئالىي مائارىپىنىڭ بەزى تەتقىقات ئورگانلىرى، جەمئىيەتلىرى ئۆز ئۈستىگە ئالسا بولىدۇ.

3) كەسپىي جەھەتتىن باشقۇرىدىغان تارماقلارنى ئىخچاملاپ، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ساقلىنىۋاتقان ئاز سانلىق مىللەتلەر ئالىي مەكتەپلىرىنى كۆپ تەرەپ باشقۇرىدىغان ئەھۋاللارنى ئۆزگەرتىش، مائارىپنى باشقۇرغۇچى ئۇنىۋېرسال تارماقلارنى تەڭشەش ۋە كۈچەيتىش، ھۆكۈمەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئادەم، مالىيە ۋە كەسپلەرنى باشقۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم.

### 3. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئالىي مەكتەپلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشى لازىم

ئاز سانلىق مىللەتلەر ئالىي مەكتەپلىرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا مېخانىزمنى ئۆزگەرتىشتە تاشقى شەرت شارائىت ياخشىلانغاندىن كېيىن ھەممىنى بىر يولىلا ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۈتۈپ تۇرماي، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىچكى قىسمىدىكى ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش لازىم. مەكتەپلەرنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، پەنلەرنى ئىسلاھ قىلىشنى باشلىنىش، ئىچكى تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىشنى يادرو، مەكتەپنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى كادىرلار، تەقسىمات تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، قۇرۇلمىنى ياخشىلاش، سۈپەتنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، مېخانىزمنى ئۆزگەرتىش ئەڭ ئاخىرىدا مەكتەپنىڭ ئىچكى جەھەتتىكى ھاياتىي كۈچىنى ۋە تەشەببۇسكارلىقىنى كۈچەيتىپ، بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش مەقسىتىگە يېتىش لازىم.

### 4 ئاز سانلىق مىللەتلەر ئالىي مائارىپ ئىسلاھاتىدا «ئالاھىدە رايون» قۇرۇشنى سىناپ كۆرۈش كېرەك

ئاز سانلىق مىللەتلەر ئالىي مائارىپى ئالاھىدە خاراكتېرگە ئىگە بولغاچقا، بىز ھەر بىر تۈرلۈك ئىسلاھاتنى ئېلىپ بارغاندا سالماق، ئېھتىياتچان پوزىتسىيە تۇتۇشىمىز لازىم. لېكىن بۇ بىزنىڭ مەلۇم دائىرە ئىچىدە يۈرەكلىك ھالدا بەزى سىناقلارنى ئېلىپ بېرىشىمىزنى چەتكە قاقمايدۇ. مېنىڭچە، ئىسلاھات ئاساسى بىر قەدەر ياخشى، ھەر قايسى جەھەتلەردە بىر قەدەر كۈچلۈك بولغان ئاز سانلىق مىللەتلەر ئالىي مەكتەپلىرىدىن بىر ئىككىنى تاللاپ ئىسلاھات سىناق نۇقتىسى قىلىش كېرەك. سىناق نۇقتىسى قىلىنغان ئالىي مەكتەپلەرگە قارىتا ئىنتايىن جانلىق بولغان ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى قوللىنىشقا بولىدۇ، ئۇلارنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇشتا پۈتۈنلەي جەمئىيەتكە يۈزلىنىشىگە ئوقۇغۇچىلارنى پۈتۈنلەي ئۆز خىراجىتى بىلەن ئوقۇيدىغان قىلىش، تەقسىماتنى ھۆددىگە ئالماسلىق؛ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش مەنبەسىنى مەكتەپ ئۆزى قارار قىلىش؛ كەسپلەرنى تەسىس قىلىشنى، مەكتەپنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى كادىرلار تۈزۈمى ۋە كىرىمنى تەقسىم قىلىشنى ئۆزى بەلگىلەش؛ سىرتقا قارىتا ئالماشتۇرۇشنى يولغا قويۇشتا ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىنى تېخىمۇ كۆپرەك بېرىش قاتارلىقلارغا رۇخسەت قىلىش لازىم.

(خاسىيەت ئابدىراخمان ت)

# سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ۋە مىللەتلەر مەسىلىسى

جىن بىڭگاۋ

يولداش جياڭ زېمىن پارتىيە 14 - قۇرۇلتىيىدا بەرگەن سىياسىي دوكلاتىدا، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ نىشانى ۋە ئەندىزىسىنى يارىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى بىر تارىخىي دەۋرگە قەدەم قويغانلىقىدىن، نەزەرىيە ساھەسىدە بۆسۈش بولغانلىقىدىن، ماركسىزم نەزەرىيىسىدە يېڭى تەرەققىيات بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇ مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە مىللىي رايونلاردىكى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى زور قەدەمدە ئىلگىرى سۈرۈپ، سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ زامانىۋىلىشىشى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تەرەققىي قىلىپ، ئىلغار مىللەتلەر قاتارىغا ئۆتۈش سۈرئىتىنى تېزلىتىشكە پايدىلىق.

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى، مۇقەررەر ھالدا پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىگە چېتىلىدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە مىللىي رايونلارمۇ بۇنىڭ سىرتىدا قالمايدۇ، مىللىي مەسىلىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە بولىدۇ. بىزنىڭ مىللەت نەزەرىيىسى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىملىرىمىز، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم نەزەرىيىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان جۇڭگو مىللەت نەزەرىيىسىنى، مىللىي رايونلارنى بازار ئىگىلىكىگە ئۆتكۈزۈش جەريانىدىكى مىللىي مەسىلىنى ئامالىنىڭ بارىچە بۇرۇنراق تەتقىق قىلىپ، پارتىيىنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسى ۋە مىللەتلەر خىزمىتى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلدۇرۇشى كېرەك. تارىخىي تەرەققىيات ۋە رېئال ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، تاۋار ئىگىلىكى — مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىدا ھالقىپ كېتىشكە بولمايدىغان باسقۇچ. ئوخشاشلا، تاۋار ئىگىلىكى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولغان سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى — سوتسىيالىستىك مىللەتلەر تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر بېسىپ ئۆتىدىغان باسقۇچى ۋە ئەندىزىسى. پەقەت سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى دولقۇنىنىڭ سىنىقى ئارقىلىقلا، سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى ۋە سەۋىيىسىنى ئۈنۈملۈك ئۆستۈرگىلى بولىدۇ؛ دېموكراتىك سىياسەت ۋە قانۇن - تۈزۈم ئېڭىنى، كۆز قارىشىنى ئاندىن كۈچەيتكىلى بولىدۇ؛ مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات جەريانىدىكى رىقابەت ئېڭى ۋە ئىقتىدارىنى ئەمەلىي چېنىقىش جەريانىدا كۆرۈنەرلىك كۈچەيتكىلى بولىدۇ؛ مىللىي باراۋەرلىك قارىشى، مىللەتلەر ئارا ئالاقە قىلىش ئېڭى ئاندىن يۇقىرى بىر قاتلامغا كۆتۈرۈلىدۇ؛ مىللەتنىڭ ئومۇمىي ساپاسى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ياخشىلىنىدۇ. چۈنكى، سوتسىيالىستىك بازار ھەر بىر مىللەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇ ئۆزىنى ئۆزى چۈشىنىش، ئۆزىنى چېنىقتۇرۇش مەيدانى، شۇنداقلا جەمئىيەتنى چۈشىنىدىغان، ئۆزئارا ئالاقە قىلىدىغان، ئۆزئارا ئۆگىنىدىغان، باراۋەر رىقابەتلىشىدىغان مەكتەپ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ بەرپا قىلىنىشى ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە مىللىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىغا يېڭى سەھىپە ئېچىپ كەلدى، شۇڭا مىللىي رايونلار چوقۇم سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە تېزدىن يۈزلىنىپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور كۈچ بىلەن

راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. بۇ سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ توپ ۋەزىپىسى.

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى، ئىشلەپچىقىرىشقا زۆرۈر بولغان ئامىللارنى تەشكىللەش ۋە سەپلەش، ئىجتىمائىي بايلىق مەنبەسى ۋە دارامەتنى تەقسىم قىلىش. بازار ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ مۇقەررەر ھالدا ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن خەنزۇلارنىڭ (ئاساسلىقى ئەمگەكچىلەر) قوش يۆنىلىشلىك ئېقىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئەسلىدىكى شۇ جاينىڭ مىللەت قۇرۇلمىسىنى، ئولتۇراقلىشىش ئەھۋالى ۋە ئاھالە نىسبەت قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ جۇغراپىيىلىك دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، مىللەتلەرنىڭ ئالاقە قىلىش چاستوتى كۆتۈرۈلىدۇ. مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى سۈركىلىش ۋە زىددىيەتنىڭ پەيدا بولۇش پۇرسىتى كۆپىيىدۇ، دائىرىسى كېڭىيىدۇ. ئەلۋەتتە، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا چۈشىنىش، ئۆزئارا ھەمكارلىشىش پۇرسىتى ۋە ساھەسى تېخىمۇ كۆپىيىدۇ.

دېڭىز بويلىرىنىڭ، چېگرا بويلىرىنىڭ، دەريا بويلىرىنىڭ ئېچىۋېتىلىشىگە ئەگىشىپ، ئېلىمىزدە ئىشىكنى ئومۇميۈزلۈك ئېچىۋېتىشتەك ياخشى ۋەزىيەت شەكىللەندى. ئىلگىرى دېڭىز بويلىرىدىكى ئېچىۋېتىلگەن رايونلارغا كۆپلەپ كىرگەن مەبلەغ، تېخنىك خادىم، تەرەققىيات تۈرلىرىدە بازار ئىگىلىكى مېخانىزمىنىڭ پائالىيىتىگە ئەگىشىپ، تەرەپ - تەرەپكە ئېقىشتەك ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. شىنجاڭ، نىڭشيا، ئىچكى موڭغۇل، گۇاڭشى قاتارلىق ئاپتونوم رايونلارمۇ كۆپلەپ ئىچكى - تاشقى مەبلەغ ۋە تۈرلەرنى كىرگۈزدى، گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونىدىكى بېيخەي شەھىرىلا كىرگۈزگەن ئىچكى - تاشقى مەبلەغ 2 مىليارد يۈەندىن كۆپرەككە يەتتى. بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىمۇ دېڭىز بويىدىكى رايونلارغا مەبلەغ سېلىپ زاۋۇت قۇردى. سىچۈەن ئۆلكىسى گەنزى زاڭزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ خەينەن ئۆلكىسىگە تۇنجى تۈركۈمدە سالغان مەبلىغى 40 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى بىلەن دېڭىز بويىدىكى رايونلار، ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ ئىقتىسادىي ھەمكارلىقى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈلدى. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى بىلەن ئىچكى ئۆلكە، شەھەرلەر ئوتتۇرىسىدىكى كەسىپلەر بويىچە ياردەم بېرىش، توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي بىرلىشىش، ھەمكارلىق قاتارلىقلارنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى بىر - بىرىگە تايىنىش، خەنزۇلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بىر - بىرىدىن ئايرىلالماسلىقتىن ئىبارەت مۇناسىۋەت سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىدە چوڭقۇر راۋاجلانغۇسى.

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىدىكى رىقابەت ۋە رىقابەت مېخانىزمى، سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن بەلگىلىك ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ، مىللىي رايونلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى ئۆستۈرۈلىدۇ. سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ يەنىمۇ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن ماددىي ئاساس يارىتىپ بېرىدۇ. رىقابەتتە پۇرسەت جەھەتتىكى باراۋەرلىك تەكىتلىنىدۇ. رىقابەتكە قاتنىشىش جەريانىدا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مىللىي باراۋەرلىك ئىدىيىسى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ، ھوقۇق جەھەتتە باراۋەر بولۇش تەلىپىمۇ كۈندىن - كۈنگە گەۋدىلىنىدۇ. رىقابەتنىڭ كىرگۈزۈلۈشى ۋە قانات يايدۇرۇلۇشى، تۇرغۇن ھالەتتىكى مىللىي پسىخىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى پاسسىپ ئامىللارنى تېزدىن يوقىتىپ، كۆز قاراش ۋە تەپەككۇر شەكلىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆز -

ئۆزىگە تايىنىش، ئالغا ئىلگىرىلەش روھىنى يېتىلدۈرۈشكە ۋە تۇرغۇزۇشقا پايدىلىق بولىدۇ. بۇ سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئىدىيۋى ئاساس يارىتىپ بېرىدۇ. سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتى بىلەن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىدىكى رىقابەت مۇناسىۋىتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى ۋە يۆنىلىشى بىردەك ماسلاشقان بولىدۇ، بۇنىڭدىكى رىقابەت باراۋەرلىك ئاساسىدىكى ئادىل رىقابەت. رىقابەتتە ئۆزئارا ياردەم بېرىشمۇ، ياردەم بېرىش ئاساسىدا رىقابەتلىشىشمۇ بولىدۇ. بىرلىشىش، ھەمكارلىشىش، ئۆزئارا ياردەم بېرىش رىقابەتنى چەتكە قاقمايدۇ، بەلكى تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە ۋە تېخىمۇ يۇقىرى قاتلامدا داۋاملىق رىقابەتلىشىش ئارقىلىق، رىقابەت ۋە ئۆزئارا ياردەم بېرىش ئۈزلۈكسىز چوڭقۇر ۋە كەڭ راۋاجلاندۇرۇلىدۇ، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىمۇ مۇناسىپ ھالدا يېڭى پەللىگە قاراپ راۋاجلىنىدۇ ۋە مۇكەممەللىشىدۇ.

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى يارىتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش جەريانىدا، ئېلىمىزنىڭ مىللەتلەر مەسىلىسىدە بەزى ئالاھىدىلىكلەر ۋە تەرەققىيات يۆنىلىشى بارلىققا كېلىدۇ.

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى قىممەت قانۇنى بويىچە بايلىقلارنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ئۇنىڭغا ئاساسەن تەقسىمات ئېلىپ بارىدۇ. بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىدە، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، مىللىي مۇناسىۋەتمۇ ھەر قايسى مىللەتلەر ئارىسىدىكى بىر خىل مەنپەئەت مۇناسىۋىتىدۇر، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئالغاندا تېخىمۇ شۇنداق. ئادىل، مۇۋاپىق تەقسىم قىلىنسا، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئىناقلىشىدۇ. مەنپەئەت مۇۋاپىق تەقسىم قىلىنمايدىكەن، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشتە، بۇنىڭغا يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىش ۋە ئۈزلۈكسىز ھەل قىلىپ مېڭىش كېرەك.

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، باراۋەرلىك بىلەن ئۇنۇمنىڭ زىددىيىتى مىللىي مەسىلىدە گەۋدىلىك ئەكس ئېتىدۇ. بازار ئىگىلىكىنىڭ ئۇنۇم پرىنسىپى بويىچە خىزمەتچى خادىملارنىڭ ئەلالىرىنى تاللاش مەسىلىسى، پايدا تەقسىماتىدىكى پەرق مەسىلىسى مەيدانغا كېلىدۇ. ئىقتىسادىي باراۋەرسىزلىك دائىرىسىدىكى بەزى سىياسەتلەر، ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ ئاكتىپلىقىغا زىيان يەتكۈزۈشنىڭ، سۈنئىي ھالدا بازارغا ئارىلىشىۋېلىشنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ بازار رىقابىتىدە ئېرىشىدىغان ئىقتىسادىي ئۇنۇمىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ. ئىقتىسادىي ئۇنۇمنى ئۈستۈن قويىدىغان بەزى سىياسەت ۋە تەدبىرلەردە، ئەسلىدە بار بولغان ئاساس ۋە شەرت - شارائىت جەھەتتىكى پەرق نەزەردە تۇتۇلمىغاچقا، كىشىلەرنى ئىقتىسادىي جەھەتتە ۋە رىقابەتتە باراۋەر ئەمەستەك تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ. رېئاللىق تۇرمۇشتا، بىز چوقۇم باراۋەرلىك بىلەن ئۇنۇمنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا تۇتۇپ ۋە بىر تەرەپ قىلىشىمىز كېرەك. سوتسىيالىزمنىڭ دېموكراتىك سىياسىي پرىنسىپى ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى پرىنسىپى باراۋەرلىك بىلەن ئۇنۇمگە، جۈملىدىن مىللىي باراۋەرلىك بىلەن ئىقتىسادىي ئۇنۇمگە بىر تۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بىر تەرەپنى دەپ يەنە بىر تەرەپنى قۇربان قىلىۋېتىشكە ياكى تاشلىۋېتىشكە بولمايدۇ؛ پەقەت تەڭ ئېتىبار بېرىپ، باراۋەرلىك شەرتى ئاستىدىكى ئۇنۇم، ئۇنۇم ئاساسىدىكى باراۋەرلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. بۇنىڭدا ھەم بىر قەدەر يۇقىرى ئىقتىسادىي ئۇنۇم، ھەم بىر قەدەر يۇقىرى مىللىي باراۋەرلىك مۇناسىۋىتى ئاساسىدىكى تەرەققىيات بولۇشى كېرەك. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى شارائىتىدىكى مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتى ئۇنۇم جەھەتتىكى كۈچ سىنىشىش جەريانىدا ئۆز ئۇنۇمىنىڭ تەرەققىياتىنى ئۈستۈرىدۇ.

رىقابەتلىشىش مۇھىتىدا ئۆزىنىڭ مىللىي ساپا-سىنىڭ تەرەققىياتىنى ئۆستۈرىدۇ. باراۋەرلىك مۇھىتىدا ئۆزىنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇش ئىقتىدارىنىڭ تەرەققىياتىنى ئۆستۈرىدۇ.

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى شارائىتىدا مىللىي مەسىلە مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىق، ئۆرپ - ئادەت، دىنىي ئېتىقاد مەسى-لىسىدە كۆپرەك ئىپادىلىنىدۇ. ئۇلار تارىختىن بۇيان مىللىي مەسىلىدىكى نازۇك ئامىل بولۇپ كەلدى، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە مىللەتلەرنىڭ ئالاقە ئىشلىرىدا ھەر دائىم دۇچ كېلىپ تۇرىدىغان مەسىلە. بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ھەر خىل مىللەتتىن بولغان خادىملارنىڭ يۈرۈشۈپ تۇرۇش، ئالاقە قىلىش ۋە شۇ جايدىكى مىللەتلەرنىڭ قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن ئىبارەت بۇ ئۈچ مەسىلىنىڭ نازۇكلۇقى گەۋدىلىك بولغانسېرى، ئاسانلا زىددى-يەت كېلىپ چىقىدىغان بولدى. بۇنداق غەيرىي ئىقتىسادىي ئامىللار، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ يارىتىلىشى ۋە راۋاجلىنىشىغا مۇھىم تەسىر كۆرسىتىدۇ.

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى يارىتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش جەريانىدا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ پىسخىكى جەھەتتىكى بەرداشلىق بېرىش كۈچى، قوبۇل قىلىش كۈچى سىناقتا دۇچ كېلىدۇ، ھەم كۈچە-يىدۇ. بازار ئىگىلىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ۋە مىللىي رايونلارغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسىتىدۇ، كونا كۆز قاراشلارنى ئۆزگەرتىشكە توغرا كېلىدۇ، ئۇرغۇن يېڭى شەيئىلەرنى، جۈملىدىن يات مىللەت-لەرنى ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پىسخىكى جەھەتتە تولۇق تەييارلىق كۆرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن تەدرىجىي تونۇشۇش ۋە پەرق ئېتىش جەريانىدا مىللەتلەرنىڭ پىسخىكى جەھەتتىكى بەرداشلىق بېرىش كۈچى ۋە قوبۇل قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. باشقا مىللەتلەرنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئۈزلۈكسىز قوبۇل قىلغان، يېڭى شەيئىلەرنى ئۈزلۈكسىز قوبۇل قىلىشقا جۈرئەت قىلغان مىللەتلا ئۈزلۈكسىز ئالغا بېسىپ ۋە روناق تېپىپ، دەۋر تەرەققىياتىنىڭ ئالدىدا ماڭالايدۇ. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ ئەندىزىسىدە كۆزلىگەن نىشان ئېلىمىزدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئالدىغا قويۇلدى. قايسى مىللەت بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە تېخىمۇ تېز، تېخىمۇ ياخشى ئۇيۇشسا، شۇ مىللەت تېخىمۇ تېز ۋە ئاۋۋال روناق تېپىش پۇرسىتىگە ئىگە بولىدۇ. ئېلىمىزدىكى ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەر سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى شارائىتىدا ھازىرقى زامان مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئېلىش ئۈچۈن يۈرۈش قىلغۇسى. (خېلىل.ت)

## ھازىرقى كىيىم - كېچەكلەردىكى نومۇرلار

L ھەربىي چوڭ نومۇرنى، M ھەربىي ئوتتۇرا نومۇرنى، S ھەربىي كىچىك نومۇرنى بىلدۈرىدۇ.

Y تىپتىكىسى كۆكرەك ئايلانمىسى بىلەن بەل ئايلانمىسىنىڭ ئۆز ئارا پەرقىنىڭ 16 Cm، YA تىپتىكىسى 14 Cm، A تىپتىكىسى 12 Cm، AB تىپتىكىسى 10 Cm، B تىپتىكىسى 8 Cm، BE تىپتىكىسى 4 Cm، E تىپتىكىسى ھېچقانداق پەرقىنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا كىيىمنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقىدا «1»، 150 Cm غا، «2»، 155 Cm غا، «3»، 160 Cm غا «4»، 165 Cm غا، «5»، 170 Cm غا، «6»، 175 Cm غا، «7»، 180 Cm غا، «8»، 185 Cm غا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

# بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، مىللىي مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدىكى قاراشلىرىم

ۋېي پېڭفېي

نۆۋەتتە، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرى يېڭى بىر تەرەققىيات دەۋرىگە قەدەم قويدى. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى بەرپا قىلىنىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمى تېزلىتىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تېخىمۇ ئازاد قىلىنىپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ساپاسى ۋە ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى يېڭى بىر باسقۇچقا كۆتۈرۈلدى، بۇ دۆلىتىمىزنىڭ مائارىپ ئىشلىرى بولۇپمۇ مىللىي مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن ياخشى پۇرسەت يارىتىپ بېرىش بىلەن بىرگە يېڭى ۋەزىپە ۋە خىرىسنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ بىزدىن پائال تەرەققىي قىلىپ، تەيسەرلىك بىلەن رېئاللىققا يۈزلىنىپ، تىرىشىپ ئىزدىنىپ، ئىسلاھات روھىغا ئاساسەن ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، شۇ جاينىڭ ئەمەلىيىتىگە باپ كېلىدىغان مىللىي مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ يېڭى يولىنى تېپىپ چىقىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. مۇشۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، مېنىڭچە تۆۋەندىكى بىرنەچچە جەھەتتىكى خىزمەتنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەش كېرەك:

1. ئومۇمىي ۋەزىيەتنى نەزەردە تۇتۇپ، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ مىللىي مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشىنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈش كېرەك.

دۆلىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ يېرى كەڭ، بايلىقى مول بولۇپ، ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان ناھايىتى مۇھىم رايوندۇر. مائارىپ ساھەسىدە بىز 55 ئاز سانلىق مىللەت ئەزالىرىغا نىسبەتەن يۈرگۈزىدىغان مائارىپنى ئايرىم تەتقىق قىلىش بىلەن بىرگە ئۇلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، مەخسۇس ئاپپارات تەسىس قىلىپ، ئالاھىدە يۆلەش سىياسىتى ۋە چارىلىرىنى قوللىنىمىز. مانا بۇ بىز دېگەن مىللىي مائارىپ. شۈبھىسىزكى، بۇ بىر تۈرلۈك جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بۈيۈك سىياسەت، ئۇلۇغۋار ئىش. شۇڭا، بىز مىللىي مائارىپنى مەملىكىتىمىزنىڭ پۈتكۈل مائارىپ ئىشلىرىنىڭ مۇھىم تەشكىلىي قىسمى، ھەم پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىدىكى مۇھىم بىر تەرەپ، دەپ قارىشىمىز لازىم. ئۇ يالغۇز مائارىپ



مەسىلىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە مىللەتلەر باراۋەرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ۋە دۆلەتنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئامانلىقىنى ساقلاشقا مۇناسىۋەتلىك سىياسىي مەسىلە، شۇنداقلا ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ستراتېگىيلىك مەسىلە. مىللىي مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ گۈللىنىشى ۋە روناق تېپىشىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماستىن، ھەم پۈتۈن مەملىكەتنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى جانلاندۇرۇشقا، مەملىكىتىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئىككىنچى قەدەمدىكى ستراتېگىيلىك نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش ھەم بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىياتتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

دۆلەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە ياردەم بېرىشى بىلەن، مىللىي مائارىپ ئىشلىرىدا زور تەرەققىياتلار بولدى. بىراق، تارىخ، جەمئىيەت ۋە تەبىئىي شارائىت قاتارلىق جەھەتلەردىكى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، نۆۋەتتە، مەملىكىتىمىزنىڭ مىللىي مائارىپ ئىشلىرى ئومۇمىي جەھەتتىن يەنىلا ئارقىدا. پۈتۈن مەملىكەتنىڭ بولۇپمۇ تەرەققىي تاپقان رايونلارنىڭ مائارىپ تەرەققىياتىنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا پەرق يەنىلا چوڭ. مىللىي رايونلارنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ھەم ئىگىلىكنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىش ۋەزىيىتىگە تولىمۇ ماسلىشالماسلىقتەك زىددىيەت، مىللىي رايونلارنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ بارغانسېرى گەۋدىلەنمەكتە. بۇ بىزنىڭ دىققەت- ئېتىبارىمىزنى قوزغىماي تۇرالمايدۇ. بىز چوقۇم يۇقىرى سىياسىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە كۈچلۈك بۇرۇچ تۇيغۇسى بىلەن، ھازىرقى پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مىللىي مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

ئەمەلىي خىزمەتلەردە، بىز شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇقكى، جەمئىيەتتىكى نۇرغۇن كىشىلەر، ھەتتا رەھبەرلىك مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان بىر قىسىم يولداشلارنىڭ بۇ داۋلىنى تولۇق چۈشىنىپ كېتەلىشى ناتايىن، شۇڭا مىللىي مائارىپ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئۇنى قوللاش دەرىجىسى بىر قاتار تەسىرلەرگە ئۇچرىشى مۇمكىن. نۆۋەتتە، پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى جانلىنىپ، بازار ئىگىلىكىنىڭ دولقۇنى يېتىپ كەلمەكتە. مۇشۇنداق بولغان ئىكەن، بىز تېخىمۇ ئېگىزدە تۇرۇپ، ۋەزىيەتنى كۆزىتىپ، تەشۋىقاتنى كۈچەيتىپ، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ مىللىي مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشىنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك.

2. ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، مىللىي مائارىپنى ئىسلاھ قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىش كېرەك.

دۆلىتىمىزدە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ بەرپا قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، سىياسىي - ئىقتىسادنىڭ ئايرىلماس قىسمى بولغان مائارىپتىمۇ زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. ھازىر يېڭى ۋەزىيەت بىزدىن مىللىي مائارىپ خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان سۆزى ۋە 14- قۇرۇلتاينىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، تونۇشنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، كۆز قاراشنى ئۆزگەرتىپ، مىللىي مائارىپنىڭ ئىسلاھ قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بولۇپمۇ مەكتەپ باشقۇرۇش يېتەكچى ئىدىيىسىدە ئىرىشىپ يەتتە تۈرلۈك ئۆزگىرىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

(1) «مۇلازىمەت» كۆز قارىشىنى تۇرغۇزۇپ، مىللىي مائارىپ بىلەن مىللىي ئىگىلىكنىڭ مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇش كېرەك. مىللىي مائارىپنى بىرلا خىل «يۇقىرىغا كۆچۈش مائارىپى» شەكلىدىن ئۆزگەرتىپ، شۇ جاينىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يولىغا باشلاپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە مىللىي رايونلاردىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن تەشەببۇسكارلىق بىلەن مۇلازىمەت قىلىشى كېرەك.

(2) كونا كۆز قاراشنىڭ ئاسارەتلىرىدىن قۇتۇلۇپ، ئېچىۋېتىش ئېڭىنى كۈچەيتىپ، «بازار» كۆز قارىشىنى تۇرغۇزۇپ، مىللىي مائارىپنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ماسلىشىش كۈچىنى ئاشۇرۇش كېرەك. تۈرلۈك يوللارنى ئېچىپ، ئۇچۇر ئالماشتۇرۇپ، ئالاقە ئىشلىرىنى كۈچەيتىش كېرەك. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئېسىل پەن مەدەنىيىتىنى ئاكتىپلىق بىلەن ئۆگىنىپ، ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق مەدەنىيەت مىراسلىرىنى دادىللىق بىلەن قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك. مىللىي مائارىپنى ئىسلاھ قىلىش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

(3) «پاسسىپلىق»نى «تەشەببۇسكارلىق»قا، «بېقىندى بولۇپ كۈتۈش»نى «پائال ئىلگىرىلەش»كە ئۆزگەرتىش كېرەك. ئۆزىمىزدە بار بولغان كۈچ - قۇدرەتنى تۇرغۇزۇپ، ئەۋزەللىكىمىزنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىپ، ئىسلاھات تەرەققىياتىدىكى ئوبدان پۇرسەتنى تىرىشىپ چىڭ تۇتۇپ، رايونىمىزنىڭ ۋە مىللىتىمىزنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز كېرەك.

(4) «بىر خىل ئەندىزە» ۋە «ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەش»تىن ئىبارەت كونا ئۇسۇللارنى ئۆزگەرتىش كېرەك. ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەر قايسى مىللەتلەر ۋە رايونلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تولۇق نەزەرگە ئېلىپ، شۇ رايوندىكى مىللىي مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات كۆلىمىنى، سۈرئىتىنى ھەم مائارىپ قۇرۇلمىلىرىنى ۋە مەكتەپ شەكلىنى مۇۋاپىق بېكىتىپ، ئوقۇتۇش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، مىللىي مائارىپ تەرەققىياتىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇش كېرەك.

(5) سانىغىلا ئەھمىيەت بېرىپ سۈپەتكە سەل قارايدىغان ئاددىي سان قارىشىنى، سان سۈپەت بىرلىكى كۆز قارىشىغا ئۆزگەرتىش كېرەك. پارتىيىنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش، مائارىپ ساپاسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش، مەكتەپ باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ۋە ئوقۇتۇش ئۈنۈمىگە ئەجىر سىڭدۈرۈش كېرەك. ئىشنى ئاساسىي مائارىپنى چىڭ تۇتۇشتىن باشلاپ، ھەر تەرەپتىن تەڭ يېتىلگەن ئىقتىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى «ئىمتىھان ئېلىش مائارىپى»دىن سۈپەتلىك ئوقۇتۇش يولىغا ئۆزگەرتىپ، ئوقۇتۇش مەزمۇنى ۋە ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش، ئەمەلىياتچانلىقى كۈچلۈك ئوقۇتۇش ھالقىلىرىنى كۈچەيتىش، ئەمگەك تەربىيىسى ۋە كەسپىي تېخنىكا تەربىيىسى ئامىللىرىنى ئاستا - ئاستا كىرگۈزۈش كېرەك. تۈرلۈك قىسقا مۇددەتلىك ئەمەلىي تېخنىكا جەھەتتە تەمىنلەشنى كەڭ قانات يايدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەر، كەڭ دېھقانلار ئاممىسى ۋە يەككە تىجارەتچىلەرنىڭ ساپاسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش كېرەك.

(6) مەكتەپ بىناسى قاتارلىق قاتتىق دېتال قۇرۇلۇشىغىلا ئەھمىيەت بېرىپ، يۇمشاق دېتال قۇرۇلۇشىغا سەل قارايدىغان ئۇسۇلنى ئۆزگەرتىپ، «نەرسىنى كۆرۈپ، ئادەمنى كۆرمەسلىك»، «بىر ئىش بىلەنلا مەشغۇل بولىدىغان» كۆز قاراشنى ئۆزگەرتىش كېرەك. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مائارىپ مەمۇرىي باشقۇرۇش كادىرلىرىنى پائال تەربى-

يىلەپ، ئۇلارنىڭ نەزەرىيە ۋە باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ۋە تەدبىر بەلگىلەش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تەربىيىلەش سۈپىتىنىڭ مۇھىم بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدىغان ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى بەرپا قىلىش كېرەك.

(7) فۇنكسىيىلەرنى ئۆزگەرتىپ، پائال ماسلىشىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك مىللىي مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرى (ئالدى بىلەن دۆلەتلىك مائارىپ كومىتېتى مىللىي مائارىپ مەھكىمىسىدىن باشلاپ) ئىلگىرىكى خىزمەتلەردىكى تەجرىبە - ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ ۋە قوبۇل قىلىپ، فۇنكسىيىلەرنى ئۆزگەرتىپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشنىڭ مىللىي مائارىپقا قويغان يېڭى تەلەپلىرىگە پائال ماسلىشىش كېرەك. ماكرو جەھەتتە يېتەكچىلىك قىلىشنى كۈچەيتىپ، تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەرنى ياخشى ماسلاشتۇرۇپ، قانۇن بويىچە نازارەت قىلىش، يېتەكچىلىك قىلىش، باھالاش، مۆلچەرلەش ئىشىنى ياخشى ئىشلەش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىش، مۇلازىمەت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. خىزمەت ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، كۆپ، ئەمەلىي ئىشلەپ، قۇرۇق گەپنى ئازراق قىلىش كېرەك.

3. رېئاللىققا يۈزلىنىپ، مىللىي مائارىپنى يەنە بىر يېڭى باسقۇچقا كۆتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ پەرقى ناھايىتى چوڭ، مائارىپ ۋە ئىقتىسادنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى تولىمۇ تەكشىسىز، شۇڭا مىللىي مائارىپنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەريانىدا ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەر قايسى مىللەتلەر ۋە رايونلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تولۇق نەزەرگە ئېلىپ، «يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇش، رېئاللىققا يۈزلىنىش، ئاساسنى كۈچەيتىش، قۇرۇلمىلارنى تەڭشەش، دارىلمۇئەللىمىنگە ئالدىن ئېتىبار بېرىش، ئالىي مائارىپنى كۈچەيتىش، شەكىلنى كۆپ خىللاشتۇرۇش، سۈپەتنى ئۆستۈرۈش، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش، ئۆلگە تۇرغۇزۇش، ئالاھىدىلىك بولۇش، ئىقتىساد ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، جەمئىيەتنى ئىلگىرى سۈرۈش» پرىنسىپىغا ئاساسەن، مىللىي مائارىپ ئىشلىرىنى پائال، پۇختا قەدەم بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك.

بۇلتۇر مەركەز مەملىكەتلىك مىللىي مائارىپ خىزمىتى يىغىنىنى چاقىردى، يىغىندا 90 - يىللاردىكى مىللىي مائارىپنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى: بىرىنچىدىن، ئاساسىي مائارىپنى كۈچەيتىپ، سان ۋە سۈپەت جەھەتتە يېڭى بىر تەرەققىيات ۋە ئۆسۈش بولۇشى كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇپ، مەكتەپ باشقۇرۇش يولى ھەققىدە تېخىمۇ ئىزدىنىپ، مىللىي مائارىپنى شۇ جاينىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى، خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەنىيىتى ۋە بېيىشى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇش كېرەك؛ ئۈچىنچىدىن، مىللىي مائارىپنىڭ پۈتۈن مەملىكەت مائارىپ تەرەققىياتىنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسى بىلەن بولغان پەرقىنى كىچىكلىتىپ، مىللىي مائارىپ بىلەن پۈتۈن مەملىكەت مائارىپ تەرەققىياتىنى ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇش كېرەك. يىغىندا، مەركەز يەنە «جۇڭگو مائارىپ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى»نى ئېلان قىلىپ، 90 - يىللاردىكى مائارىپ خىزمىتى ئۈچۈن پروگرامما تۈزۈپ بەردى، ئاساسىي قۇرۇلۇش لايىھىسىنى بېكىتىپ بەردى. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، 90 - يىللاردىكى مىللىي مائارىپ خىزمىتىنىڭ فاڭجېن-سىياسەتلىرى، مەقسىتى ۋە ۋەزىپىسى ئايدىڭلاشتى. بۇنىڭدىن كېيىن، بىز يولغا قويۇش، تۈرلەر بويىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مىللىي مائارىپنى يەنە بىر يېڭى باسقۇچقا كۆتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك.



# باۋئەن مىللىتى ۋە ئاپتونوم ناھىيىسى

ئەلسۈيەر

## باۋئەنلەر

مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدىكى جەنۇبىي گەنسۇ ئېگىزلىكىدە، دېڭىز يۈزىدىن تەخمىنەن 3000 مېتىر ئېگىز جىشىشەن تېغى باغرىدا، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىن ساھىلىدا، سۈيى ئەلۋەك، ئوت - چۆپى ياخشى، دېھقانچىلىق قىلىشقىمۇ، چارۋىچىلىق قىلىشقىمۇ باپ كېلىدىغان بىر ياخشى ماكان بار. 100 يىللار مابەينىدە، باۋئەنلەرنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادلىرى مۇشۇ ماكاندا كۆپىيىپ، ياشاپ، ئۆزىنىڭ ئىشچانلىقى ۋە ئەقىل - پاراستى بىلەن ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخىنى، ئۆزىنىڭ مىللىي تۇسكە ئىگە مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىپ كەلمەكتە.

باۋئەنلەر مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى نوپۇسى ئازراق مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئالاقىدار سانلىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئازادلىقنىڭ دەسلەپىدە، باۋئەنلەرنىڭ نوپۇسى 4000 چە ئىكەن. 1990 - يىلى، باۋئەنلەرنىڭ نوپۇسى 12 مىڭ 212 گە يەتكەن. ئۇلار ئاساسلىقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جىشىشەن باۋئەن - دۇڭشياڭ - سالار ئاپتونوم ناھىيىسىگە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، بۇ يەردىكى باۋئەنلەرنىڭ سانى ئومۇمىي باۋئەن مىللىتىنىڭ 93 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا، لىنشا ناھىيىسىنىڭ شەھەر ئەتراپىدىمۇ ئاز ساندىكى باۋئەنلەر تارقاق ئولتۇراقلاشقان.

## ئېتنىك مەنبەسى

«باۋئەن» دېگەن نام باۋئەنلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆزىگە قويغان مىللەت نامى بولۇپ، بۇ، ئەسلى ئۇلار تۇرغان جاينىڭ نامى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. تارىخىي خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، 1371 - يىللىرى، بۈگۈنكى چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ توڭرېن ناھىيىسى باۋئەن بازىرىنىڭ شىشەن دېگەن يېرىدە باۋئەن قەلئەسى قۇرۇلغان ئىكەن. كىشىلەرنىڭ قارىشىچە، باۋئەن مىللىتى ئەسلىدە 13 - ئەسىردىن كېيىن «غەربىي يۇرت ئۇغقانلار ئارمىيىسى»گە ئەگىشىپ بۇيەرگە كەلگەن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان موڭغۇللار ئىكەن. ئۇلار ئاۋۋال چىڭخەينىڭ توڭرېن ئەتراپلىرىدا ئورۇنلىشىپ چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، ئۇزاق مۇددەت ئىچىدە يەرلىك خۇيزۇ، دۇڭشياڭ، سالار قاتارلىق مىللەتلەر بىلەن ئارىلىشىپ، نىكاھ - توي قىلىپ، پەيدىنپەي باۋئەن مىللىتى بولۇپ شەكىللەنگەن ئىكەن. بۇنىڭدىن 100 يىللار مۇقەددەم، يەرلىك يۇقىرى قاتلامدىكى دىنىي

ئەرباپلار ۋە چوڭلارنىڭ زۇلۇمىغا چىدىماي، گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جىشىشەن تېغى ئېتىكىگە كۆچۈپ كېلىپ ماكانلىشىپ قالغان.

## تىل - يېزىقى ۋە دىنىي ئېتىقادى

باۋئەنلەرنىڭ ئۆز تىلى بار، ئەمما يېزىقى يوق. باۋئەنلەرنىڭ تىلى ئالتاي تىلى سىستېمىسىدىكى موڭغۇل تىلى گۇرۇپپىسىغا مەنسۇپ. لېكىن ئۇنىڭدا خەنزۇ تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر ناھايىتى كۆپ. ھازىر، خەنزۇ تىلى باۋئەن مىللىتىنىڭ ئەمەلىي ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا بارغانسېرى مۇھىم رول ئويناۋاتىدۇ.

باۋئەنلەر ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. باۋئەنلەرنىڭ توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يىتىم، ئاغرىق - سىلاق ئىشلىرىدا، باللارنى خەتمە قىلىش ۋە ھېيت - بايراملىرىدا، پۈتۈنلەي ئىسلام دىنىنىڭ قائىدىلىرى بويىچە ئىش قىلىنىدۇ. باۋئەنلەرنىڭ دەپنە ئىشلىرى قويۇق ئىسلام دىنى تۈسىگە ئىگە، مەسىلەن، ئادەم ئۆلسە، ئاخۇنۇم تەكلىپ قىلىپ، خەتمە قۇرئان قىلدۇرۇپ، مېيىتنى پاكىزە سۇدا يۇغاندىن كېيىن، ئاق رەختە كېپەن كىيگۈزۈپ يەرلىكتە قويىدۇ.

باۋئەنلەرنىڭ بايراملىرى جەھەتتە باھار بايرىمىدىن باشقىسى پۈتۈنلەي ئىسلام دىنىنىڭ دىنىي بايراملىرىدۇر.

## تۇرمۇش ئۆرپ - ئادەتلىرى

باۋئەنلەرنىڭ توي مۇراسىمى كۆپىنچە جۈمە كۈنى ئۆتكۈزۈلىدۇ. توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدىغان كۈنى، ئوغۇل تەرەپنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى يىگىتنى ئېلىپ، قىزنى يۆتكەپ كېتىشكە بارىدۇ. تويدىكى بەخت تىلەش مۇراسىمىدا، ئۇرۇق - تۇغقانلار ياڭاق، چىلان چېچىپ، قىز-يىگىتنىڭ بەختلىك بولۇشىنى، بالدۇرراق ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈشىنى تىلەيدۇ. مۇراسىم ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، قىز تەرەپنىڭ بىر قىسىم تۇغقانلىرى يىگىت تەرەپتىن كەلگەنلەر بىلەن بىللە قىزنى يىگىت تەرەپنىڭ ئائىلىسىگە ئاپىرىپ قويىدۇ. تويدىن ئايرىلىشتىن ئىلگىرى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئۆلارنىڭ ئارقىسىدىن بۇغداي، پۇرچاق، قوناق ۋە چاي قاتارلىقلارنى چېچىپ، ئۇلارنىڭ بەخت ۋە باياشاتلىقىنى ئۆزىنى ئېقىپ چوڭ قىلغان ئاتا - ئانىسىغا قالدۇرۇپ كېتىشنى تىلەيدۇ. توي كېچىسى پۈتۈن كەنتتىكى قېرى - ياش ھەممىيلەن كېلىپ، توي بەزمىسى قىلىشىدۇ، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينىشىدۇ. يېڭى كېلىن كەلگەندىن كېيىن، يېمەك - ئىچمەك جەھەتتە ئالاھىدە بىر ئادەت بار، يەنى ئۈچ كۈنگىچە ئەر تەرەپنىڭ ئائىلىسىدە ئەتكەن تاماقنى يېمەيدۇ، بەلكى قىز تەرەپ تاماق ئەكېلىپ بېرىدۇ.

باۋئەن ئەرلىرى ئاق رەختتىن تىكىلگەن دوپپا، ئاق كۆڭلەك، قارا كەمزۇل كىيىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ھېيت - بايراملاردا شلەپە، تۇرۇمە ياقىلىق چوڭ ئېتەكلىك زاكزۇچە تون كىيىپ، بېلىنى باغلاپ، پىچاق ئاسىدۇ، پۇتىغا ئۇزۇن قونچلۇق ئۆتۈك كىيىدۇ. ئاياللار شاپتۇل چېچەكى، يېشىل رەڭدىكى چىرايلىق چىبەرقۇت شىم، چاپان كىيىشنى ياخشى كۆرىدۇ. كونا زاماندا، ئاياللارنىڭ كىيىم - كېچەكى ھازىرقىدىن چىرايلىق بولۇپ، يېڭىگە ۋە ئىشتاننىڭ پۇچقاقلىرىغا چىلتەك تۇتۇلغان كىيىملەرنى كىيىدىكەنمىش. باۋئەن ئاياللىرى باغلىق ئارتىشنى ياخشى كۆرىدۇ. يېشىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە ئەگىشىپ، باغلىقنىڭ رەڭگىدىمۇ پەرقلەر بولىدۇ، ئادەتتە، قىزلار يېشىل، چوكانلار قارا، ياشانغان ئاياللار ئاق باغلىقلارنى ئارتىدۇ. ھازىر، ئورغۇنلىغان ئاياللار خەنزۇ ئاياللىرىنى دوراپ، ھەر خىل رەڭدىكى نېپىز باغلىقلارنى ئارتىۋالىدىغان بولۇشتى.

باۋئەنلەر يېمەك - ئىچمەك جەھەتتە، بۇغداي، ئارپا ۋە قوناق ئۇنىدىن جىگمۇما، كەسمە چۆپ، خوشياڭ، ساڭزا ئېتىپ يەيدۇ، كالا، قوي گۆشىنىلا يەيدۇ، ھەر قانداق ھايۋاننىڭ قېنىنى ۋە چوشقا، ئات، ئېشەك قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يېمەيدۇ.

روزا ھېيت بىلەن قۇربان ھېيت باۋئەنلەرنىڭ ھەر

يىلى ئوتكۈزۈلىدىغان مۇھىم ئىككى ھېيتى ھېسابلىنىدۇ، ئۇلاردا روزا ھېيت چوڭ بايرام، قۇربان ھېيت كىچىك بايرام ھېسابلىنىدۇ.

## جىشىشەن باۋئەن — دۇڭشياڭ — سالار ئاپتونوم ناھىيىسى

بۇ ئاپتونوم ناھىيە 1981 - يىلى 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى قۇرۇلغان، ئۇنىڭ جايلاشقان ئورنى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ لىنشيا خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ غەربىي-شىمالى قىسمىدا بولۇپ، يەر كۆلىمى 929 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ئومۇمىي نوپۇسى 169 مىڭدىن كۆپرەك، بۇنىڭ ئىچىدە باۋئەنلەر 8000 دىن كۆپرەك، دۇڭشياڭلار 9000 دىن كۆپرەك، سالارلار 4000 دىن كۆپرەكنى ئىگىلەيدۇ. ئۇندىن باشقا زاڭزۇ، تۇزۇ، خەنزۇ قاتارلىق مىللەتلەر بار. ناھىيە مەركىزى چۇيماتەن بازىرىغا جايلاشقان. جىشىشەن تېغى غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا سوزۇلغان بولۇپ پۈتۈن ناھىيىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، غايەت زور تەبىئىي توساق ھاسىل قىلغان. بۇ جاي ئېگىز، سوغۇق، تەم رايون ھېسابلىنىدۇ. ئىگىلىك جەھەتتە دېھقانچىلىق ئاساس قىلىنىپ، بۇغداي، قوناق قاتارلىق زىرائەتلەر تېرىلىدۇ. بۇ ناھىيىنىڭ دوڭگو نەشپۈتى ۋە قەغەز ياڭىقى داڭلىق.

## شىنجاڭدىكى داڭلىق ماكانلار

قاشتېشى، گىلەم ماكانى — خوتەن.
كارىز، ئۈزۈم ماكانى — تۇرپان.
داڭلىق ئات ماكانى — ئىلى، بارىكۆل.
تۆگە ماكانى — كەلپىن، ئاراتۆۋرۈك.
ياۋا كەندىر ماكانى — لوپنۇر.
پىلە، يىپەك رەخت ماكانى — يەكەن.
ئانار ماكانى — قاغىلىق، كىرىيە، چىرا.
ئاق تۆرۈك، گۈلە ماكانى — گۇما.
ئەتلەس ماكانى — لوپ.
ياڭاق، زۇمرەت ماكانى — قاراقاش.
پىچاق، سەمەت تۆرۈك ماكانى — يېڭىسار.
جاغدا قوغۇن، قىزىل سايىۋا، پېھى ماكانى — چەرچەن.
ئەلتېرە ماكانى — كۇچا، شايار.
جىگدە ماكانى — ئۈچتۇرپان.
ياڭاق ماكانى — ئاقسۇ، قاغىلىق.
ياغلىق دان، مىس چۆگۈن ماكانى — باي.
نەشپۈت، شوخلا ماكانى — كورلا.
تاشپاختا ماكانى — چاقىلىق.
قوتاز، ئۇلار، ئارقار ماكانى — تاشقورغان.
ئەنجۈر ماكانى — ئاتۇش.
دولان قويى ماكانى — مەكىت.
ياۋايى ھايۋانلار ماكانى — ئالتۇنتاغ.
چىلان، ئاق تۆگە ماكانى — قۇمۇل.
بېلىق، قۇمۇش ماكانى — باغراش، بۇرۇلتوقاي.
گۈرۈچ ماكانى — ئاقسۇ، مىچۈەن.
خۇاسىڭ ماكانى — توقسۇن.
ئاققۇ ماكانى — بايىنبۇلاق يايلىقى.
ئالما، ساماۋار ماكانى — غۇلجا.
داڭلىق ھاراق، جانبازلار ماكانى — گۇچۇڭ.
ئاق پوستلۇق سامساق ماكانى — جىمسار.
ئالتۇن، چوڭ قۇيرۇقلۇق قوي ماكانى — ئالتاي.
نېفىت ماكانى — قاراماي، تارىم.
رەڭلىك مېتاللار ماكانى — كۆكتوقاي.
قۇرۇقلۇق تاشپاقىسى ماكانى — قورغاس.
ئاش تۇزى ۋە مولىبدېن ماكانى — جىڭ.
ياۋا بادام ماكانى — چاغانتوقاي.
قارا ھەسەل ھەرىسى ماكانى — تېكەس.
كۆمۈر، تۆمۈر، مىس ماكانى — نىلقا.

(رەتلىگۈچى: مەخسۇت ھېيت)

# مېنىڭ ئۆيۈم جىششەندە

ماجە نلۇڭ

جىششەن باۋئەن — دۇڭشياڭ — سالار ئاپتونوم ناھىيىسى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ لىنشيا خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىغا قاراشلىق بىر ناھىيە. باۋئەنلەرنىڭ 93 پىرسەنتى مۇشۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان. لەنجۇ، چىڭخەي ۋە شىنجاڭدىكى باۋئەنلەرنىڭ سانى ئىنتايىن ئاز. باۋئەنلەرنىڭ ھازىرقى نوپۇسى 12 مىڭ 212.

باۋئەن مىللىتى تارىختا سودا - سېتىق ئىشلىرىغا ۋە ئات ئۇستىدە قارىغا ئېتىشقا ماھىر ئىكەن، ئۇلار قەدىمكى يىپەك يولى ئارقىلىق ئوتتۇرا ۋە غەربىي رايونلارغا بېرىپ - كېلىپ تۇرغان ئىكەن. شىيەنفېڭنىڭ ئاخىرقى يىلىدىن تارتىپ تۇڭجى يىلىنىڭ باشلىرىغىچە (تەخمىنەن 1858 - يىلدىن 1863 - يىللىرىغىچە) - مىللىي كەمسىتىش ۋە دىنىي زىددىيەتلەر كەسكىنلىشىپ كەتكەنلىكتىن، باۋئەنلەر تارىختىن تارتىپ ئولتۇراقلىشىپ كەلگەن يۇرت - ماكانلىرىدىن ئامالسىز ئايرىلىپ، شۇنخۇا، گەيزى ئەترابىغا ئېقىپ كەلگەن. ئۇ چاغدا ئادەم كۆپ، يەر ئاز بولغاچقا ھەم ئەجدادلىرىمىزنىڭ تېرىغۇدەك يېرى بولمىغاچقا، ئۇ يەردە ئۈچ يىل تۇرغاندىن كېيىن يەنە ئامالسىز شەرققە كۆچكەن. باۋئەنلەر قىرى - چوۋرىلەرنى يۆلىشىپ ھەم باللىرىنى يېتىلەپ خۇاڭخې دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىنى بويلاپ شەرققە قاراپ يول ئېلىپ، خەتەرلىك ھەم تىك جىشى تاغ جىلغىسىنى كېسىپ ئۆتۈپ، جىششەن تېغىنىڭ باغرىدىكى دادۇن، مېيپو، چيەنختەنلەرگە كېلىپ ماكانلاشقان. «باۋئەنلەرنىڭ ئۈچ يۇرتى» دەپ ئاتالغان جايلار ئەنە شۇلاردۇر.

باۋئەنلەر دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ، چارۋىچىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدۇ، ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى ئىنتايىن تۆۋەن، تاكى ئازادلىق ھارپىسىغىچە ئاشلىقنىڭ مو بېشى مەھسۇلاتى ئاران 100 نەچچە جىڭلا بولۇپ كەلگەن.

مىللىتىمىزنىڭ تۇرمۇش ئۆرپ - ئادىتى ۋە دىنىي ئېتىقادى ئاساسىي جەھەتتىن غەربىي شىمالدىكى خۇيزۇلار بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. تىلى موڭغۇلچە، داغۇرچە، تۇزۇچە، دۇڭشياڭچە تىللار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. جىششەن ناھىيىسىدە تۇرۇشلۇق باۋئەنلەر، مېيپودا خەنزۇ تىلى قوللىنىلىشىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا كەنتلەرنىڭ ھەممىسىدە باۋئەن تىلىنى قوللىنىدۇ. دەرۋەقە بىز يەنە خەنزۇ تىلىنى پىششىق بىلىمىز.

باۋئەن مىللىتىنىڭ ئۆز يېزىقى بولمىسىمۇ، بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدا، مىللىي تۇس ئالغان، مەزمۇنغا باي بولغان كۆپلىگەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى ياراتقان ھەمدە ئۇنى ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن، مەسىلەن، «ئۈچ قوشنا»، «چۆۋەر باغاچچى»، «تاغا ۋە جىيەن» ۋە ھاكازالار. باۋئەن ئاياللىرى ئارىسىدا «ياتلىق ئالدىدىكى يىغا ناخشىسى» تارقالغان. باۋئەن «گۈلى» بولسا جىنخۇاڭ گۈلى ئىچىدىكى ئەڭ كۆركەم «گۈل» ھېسابلىنىدۇ.

بىزنىڭ يۇرتىمىز ھۆلچىلىك بولىدىغان تاغلىق رايون بولۇپ، دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. داخېجيانىڭ دوڭگو نەشپۈتى ۋە قەغەز ياڭىقى ئىنتايىن داڭلىق. باۋئەنلەر يەنە يانغا ئاسىدىغان پىچاق سوقۇشقىمۇ ماھىر كېلىدۇ، بۇنداق باۋئەن پىچىقىنىڭ تۈرى كۆپ، شەكلى كۆركەم، تىغى ئۆتكۈر كېلىدۇ. بۇ پىچاقنىڭ گەنسۇ، چىڭخەي، نىڭشيا ئەترابلىرىدا خېلى داڭقى بار.

بىز ھازىر جاپاغا چىداپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىز نەتىجىسىدە، باۋئەنلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىمۇ خېلى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

جىششەن تېغى ئېتىكىدە ياشاۋاتقان باۋئەنلەر ئۆزىنىڭ پارلاق ئەتىسىنى داۋاملىق ھالدا تىرىشىپ ياراتماقتا.

(جامال ئىمىن .ت)

# مەنۋىيەت سىپىدىكى

# ھارماس تۇلپار

تەلئەت ئىبراھىم



1

كىشىلىك تۇرمۇشتا باشتىن - ئاخىرىغىچە بىمالال، ئەركىن - ئازادە ياشىماق تەس. تۇرمۇشنىڭ بوران - چاپقۇنلىرى، ئاچچىق - چۈچۈكلىرى، جاپا - مۇشەققەتلىرى ۋە بەخت - ھالاۋەتلىرى ئالدىدا ئۆزىنى يوقاتماي ئۈمىدۋار ۋە سەممىي ياشاش تېخىمۇ تەس.

مەن 5 - قېتىم ئۇنى ئىشخانىسىغا ئىزدەپ كىردىم. بىراق ھەر قېتىمدا ئۇنىڭ ئالدىراش خىزمەتلىرى، تۈرلۈك ئىجتىمائىي پائالىيەت ئىشلىرى بىزنىڭ سۆھبىتىمىزنى ئۈزۈۋېتەتتى. ئۇ مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ مۇئاۋىن باش تەھرىرى، نەشرىيات پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى قاتارلىق كەسپىي ۋە مەمۇرىي ئىشلاردىن باشقا يەنە بېيجىڭ شەھەرلىك 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مىللەتلەر، مۇھاجىرلار ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ھەيئىتى قاتارلىق بىر مۇنچە قوشۇمچە ۋەزىپىلەرنىمۇ ئۈستىگە ئالغانلىقتىن، ئىشلىرى ناھايىتى ئالدىراش ئىدى. شۇڭا مەنمۇ ئۇنىڭ ۋاقتىنى كۆپ ئىگىلەپ كېتىشكە پېتىنالماي، چالا - بۇلا ئىگىلىگەن ئەھۋاللارنى ئېلىپ ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتىم.

3 - ئىيۇن كۈنى، بېيجىڭنىڭ ھاۋاسى تازا قىزىشقا باشلىدى. ئۇتتەك قىزدۇرغان قۇياش باشنى قايدۇراتتى. ھېيت كۈنلىرىدە بىر ئاز زېرىكىپ تۇرغان بىر قىسىم تەھرىر تەرجىمانلار نېمە ئۈچۈندۇر بۈگۈن بەكلا خۇشال ئىدى. چۈنكى ئاتاقلىق ئەدەبىي تەرجىمان، ئالىي مۇھەررىر ئەخمەت پاسار تۇلارنى ئۆيىگە ھېيتلاپ كېتىشكە تەكلىپ قىلغان ئىدى. ھەممەيلەن ئۇنىڭ ئۆيىدە ئەركىن - ئازادە ئولتۇرۇپ، ھېيت مەزەلىرىگە باققاچ كەڭ - كۇشادە خۇش - چاقچاق پاراڭغا چۈشتى. ئارىدىن بىرسى: ئەخمەت ئاكام دۇتار چېلىپ بەرسۇن، دېدى - دە، كۆپچىلىك بىردەك چاۋاك چېلىپ، ئۇنى دۇتار چېلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. دەم ئېلىش كۈنلىرىدە دۇتار - تەمبۇر چېلىش ئەخمەت پاسارنىڭ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىدىغان بىر ياخشى ئادىتى ئىدى. بىراق يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئىشلىرى بەك ئالدىراش بولغانلىقى ئۈچۈن دۇتار چالغۇدەكمۇ ۋاقتى چىقمىغان ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئەخمەت پاسار

ياش چېغىدا ئۆگەنگەن بۇ ئالاھىدىلىكنى يوقاتمىدى. ئۇ ياشلارنىڭ ئۈمىدىنى پەردە قويماي، دۇتارنى قولىغا ئالدى - دە، خەلق ناخشىلىرىدىن بىر قانچە پەدىگە چالدى، ئايالى ئايشەم ھەدە ناخشا ئېيتتى، ياشلار ئىختىيارسىز ھالدا ئۇسسۇلغا چۈشتى. ناخشا - مۇزىكا بېيجىڭ شەھەر ئۈۋمىبەندىكى «شىنجاڭ بىناسى»نى زىلزىلىگە كەلتۈرىۋەتتى...

باشقا يۇرتتا قۇربان ھېيتنى ئۆتكۈزگەندە ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى سېغىنمايدىغان ئۇيغۇرلار بولمىسا كېرەك. 1977 - يىلى 1 - ئايدىن باشلاپ ھازىرغا قەدەر ئەخمەت پاسار قۇربان ھېيتنى ئاساسەن بېيجىڭدا ئۆتكۈزدى.

— ئەخمەت پاسار ئەجەپ كەمتەر ئادەم ئىكەن-غۇ؟

— ئۇ قايسى داشۆنى پۈتتۈرگەن؟

— ئۇ ھازىرمۇ كوچا ئاپتوبۇسى ياكى يەر ئاستى پويىزى بىلەن ئىشقا كېلىدۇ. ئۆيى بىلەن ئىدارىنىڭ ئارىلىقى 20 چاقىرىملىق يول بولۇپ، ئۇ ھەر كۈنى ئىككى قېتىم قاتنايدۇ، چۈش ۋاقتىلىرى ئىشخانىسىدا ئارام ئالىدۇ.

ئەخمەت پاسار ئائىلىسى بىلەن خۇشلىشىپ يانغاندا كەچ سائەت توققۇزدىن ئاشقان ئىدى. ياشلار قايتىۋېتىپ ئۇنىڭ خىزمەت ۋە تۇرمۇشى ھەققىدە ھەر خىل «غەيۋەت»لەرنى قىلىشىپ ماڭدى.

2

50 - يىللاردىن باشلاپ ھازىرغا قەدەر ئەدەبىيات، تارىخ، شېئىر، سىياسىي نەزەرىيە كىتابلىرىنى تەرجىمە قىلىش، تەرجىمىسىنى تەھرىرلەش ۋە تۈرلۈك كىتابلارنىڭ تەھرىرلىكىنى ئىشلەش بىلەن ھازىرقى ئورنىنى بەلگىلىگەن ئەخمەت پاسار 100 پارچىدىن كۆپرەك رومان، پوۋېست، ھېكايە، كىنو سىنارىيىسى ۋە شېئىرلارنىڭ تەرجىمىسىنى، 50 پارچىدىن كۆپرەك ئەدەبىي كىتابلارنىڭ تەھرىرلىكىنى، «ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» قاتارلىق 55 خىل كىتاب تەخمىنەن 8 مىليون خەت تەرجىمىسىنىڭ ئاخىرقى بېكىتىش خىزمىتىنى ئىشلىدى.

ئۇ تەرجىمە قىلغان كىتابلارنىڭ مەزمۇنى ساغلام، بەدىئىيلىكى يۇقىرى بولۇپ كەڭ كىتابخانلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. ئۇنىڭ تەرجىمە ئۇسلۇبى كەڭ تەرجىمانلار ئۈچۈن بىر ئۈلگە بولۇپ شەكىللەندى. ئۇ 40 يىللىق ئىجادىيەت ھاياتىدا «شاھىت بوۋاي»، «قاناتلىق خەت»، «ئۆي خوجايىنى»، «ئۆلۈم ۋە ھايات»، «ئىككى ئەۋلاد»، «گۈزەل شىنجاڭ» دېگەنگە ئوخشاش نەچچە ئونلىغان ھېكايە، ئوپېرا ۋە كىنو ئەسەرلىرىنى، «قىزىل قىيا»، «لى زىچېڭ»، «جىنايەت ۋە نەپرەت» دېگەنگە ئوخشاش جۇڭگو ۋە چەت ئەلنىڭ داڭلىق رومانلىرىنى ۋە «ئويلاش ۋە ئىشلەش»، «رەھبەرلىك ئىلمىي ئاساسلىرى» دېگەنگە ئوخشاش بىر مۇنچە سىياسىي - نەزەرىيە كىتابلارنى تەرجىمە قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە «سۇ بويىدا»، «لۇشۈن زاۋىنلىرى (تاللانما)»، «لۇشۈن خەت-چەكلىرىدىن تاللانما»، «لۇشۈن ھېكايە، نەسىر ۋە شېئىرلىرى»، «ياشلىق ناخشىسى»، «چەكسىز ئورمان قارلىق دالا»، «سەنلىۋەن كەنتىدە»، «جەنۇبتىن خەت»، «ئۆر-لۇق قىرغاق» دېگەنگە ئوخشاش بىر قانچە ئون ھېكايە، پوۋېست، رومانلارنىڭ تەرجىمە - تەھرىرلىك ئىشلىرىغا قاتناشتى. ئۇ تەرجىمە قىلغان «ئۆي خوجايىنى» ناملىق ھېكايىسى 1983 - يىل 12 - ئايدا شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى «ئەدەبىي تەرجىمىلەر» تەھرىر بۆلۈمى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزگەن ئەدەبىي تەرجىمىلەرنى باھالاش پائالىيىتىدە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

«قىزىل قىيا» ناملىق رومانىنى ئەخمەت پاسار 24 يېشىدا تەرجىمە قىلغان. «جىنايەت ۋە نەپرەت» ناملىق رومانىنى 54 يېشىدا تەرجىمە قىلغان. مەن ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشقاندا ئۇ يۇقىرىقى رومانلارنى ۋە يەنە «شاھىت بوۋاي»، «ئۆي خوجايىنى» قاتارلىق ھېكايىلەرنى، شېئىرلاردىن «چۈيۈەنگە تەزىيە»نى ئۆزىنىڭ تەرجىمە قىلغان ئەدەبىي ئەسەرلىرى ئىچىدە ھەممىدىن بەك ياقتۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

رەھىمسىز يىللار ئەخمەت پاسارنىڭ قامەتلىك

گەۋدىسىنى ئېگىپ، يۈزىگە قورۇق پەيدا قىلغان بولسىمۇ، ئۇ ياشقانسېرى ياشىرىپ، تېخىمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىپ، زېرىكمەي ئىشلەپ، يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بۇيان داڭلىق يازغۇچى ۋاڭ مېڭنىڭ «توپ چولپاننىڭ ئاجايىپ كەچۈرمىشى» ناملىق كىتابىنى تەرجىمە قىلدى. سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ «ئۇمۇر داستانلىرى» ۋە بىرقانچە ئون پارچە ئەدەبىي سىياسىي، تارىخىي كىتابلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىنى ئىشلىدى. كەسپتە ئاساسلىق تايانچلار ئاز، ۋەزىپە ئېغىر، تەرجىمە قىلىش ۋە تەھرىرلەش قىيىن بولغان كىتابلارنىڭ تەرجىمە ۋە تەھرىرلىكىنى ئۆزى بىۋاسىتە ئۈستىگە ئېلىپ، تەرجىمە ۋە تەھرىرلەش جەريانىدا يولۇققان تېپىك مەسىلىلەرنى، تەرجىمە قىلىش ۋە تەھرىرلەش قانۇنىيىتىنى ياشلارغا ئايىماي ئۆگەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇ بەنە تىل - تەرجىمە توغرىسىدا ئالتە پارچە ئىلمىي ماقالىسىنى ئېلان قىلدى. بىرگە ماھىر، كۆپكە قادىر ئەخمەت پاسار 60 ياشقا كىرگىنىگە قارىماي، تېخىمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىپ، يەنە خەنزۇچە، رۇسچە، ئۇيغۇرچە ئالاقىلىشىش سۆزلۈكى لۇغىتىنى تۈزۈپ چىقتى...

3

ئەخمەت پاسار 1933 - يىلى 11 - ئايدا، چەرچەن ناھىيىسىنىڭ توققۇز داۋان تاغلىق رايونىدىكى تۇرا دېگەن يەردە بىر چارۋىچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى. ئۇ ئون ياشقا قەدەم قويغانغا قەدەر شۇ تاغلىق رايوندا بوران - چاپقۇن ۋە جاپالىق مۇھىتتا چوڭ بولدى. كىچىكىدىنلا ئاتا - ئانىسىغا ياردەملىشىپ، قوي بېقىپ دۇنيادىن بىخەۋەر ئۆتتى. مۇشەققەتلىك كۈنلەر ۋە تاغنىڭ قاتتىق سوغۇق شۇۋرغانلىرى، باشنى قايدۇرۇپ تۇرىدىغان پىژ - پىژ كۆيەك ئىسسىقلار ئۇنى قەيسەر، چىدامىلىق، ھەر قانداق قاباھەتلىك كۈنلەردىمۇ يولدىن ئازماي چارۋىلارنى يوقاتماي ساق - سالامەت ئۆيىگە قايتىپ كېلەلەيدىغان جاسارەتلىك بىر يىگىت قىلىپ يېتىلدۈردى. بىر كۈنى ئۇنىڭ ئاتىسى ئوغلىنى «موللا» بولۇپ قالسۇن دەپ، شۇ يېزىدىكى بىر دىنىي مەكتەپكە ھەپتىيەك ئوقۇشقا ئاپىرىپ بەردى، ئۇ بىر ئايدەك ئوقۇپ، ناھىيە بازىرىدىكى بىردىنبىر پەننىي مەكتەپ ئاتالغان چەرچەن ناھىيىلىك مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان باللار بىلەن تونۇشۇپ ئاغىنە بولۇپ قالدى. ئۇ بۇلار ئارقىلىق سىرتتا بولۇۋاتقان ئۆزگىرىش يېڭى - يېڭى ئىشلارنى ئاڭلاپ ھەيران قالدى. شۇلارنىڭ قىزىقتۇرۇشى، دەۋەت قىلىشى ۋە مۇئەللىملەرگە تونۇشتۇرۇشى بىلەن، ئەخمەت پاسار ئاتا - ئانىسىدىن بىسوراق دىنىي مەكتەپتىن قېچىپ چىقىپ شۇ مەكتەپكە كىرىۋالدى. ئىككى ئايغا قالماي ساۋاتىنى چىقىرىپ، خەت ئوقۇيالىغىدەك بولۇۋىدى، ئۆزلىرىمۇ ئۆمۈر بويى ساۋاتسىزلىق ئاسارىتىدە «كۆزى ئوچۇق كور» بولۇپ ئۆتكەن ئاتا - ئانىسى توققۇز پەرزەنتىدىن پەقەت ئەخمەتجاننىڭ ساۋاتلىق بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرگىنىدە، ئىختىيارسىز خۇشال بولماي تۇرالمىدى - دە، «بوپتۇ ئوقۇۋەر بالام» دەپ، ئوغلىنى دىنىي مەكتەپكە بېرىشقا دەۋەت قىلىش نىيىتىدىن ياندى.

1947 - يىلى كۈزدە، ئەخمەتجان 14 ياشقا كىرگەن يىلى، قاراشەھەر ئاددىي دارىلمۇئەللىمىنگە كىلىپ ئىككى يىلدىن كۆپرەك ئوقۇدى.

1951 - يىلى ئۇ چەرچەن ناھىيىسىدە ئېچىلغان تەرجىمانلىق كۇرسىدا تۆت ئاي، 1952 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1953 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە سابىق شىنجاڭ بيۇرو كادىرلار مەكتىپىدە بىر يىل ئوقۇغاندىن باشقا، ئاساسەن خىزمەت ئەمەلىيىتى داۋامىدا ئۆگەندى. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، ئۇ چەرچەن ناھىيىلىك پارتكومدا تەرجىمان، سابىق شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئىتتىپاق كومىتېتىدا يېزىق تەرجىمانى، «شىنجاڭ ياشلىرى» گېزىتخانىسىدا تەرجىمان، تەھرىر، مۇخبىر، ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىدى، 1956 - يىلى 11 - ئايدىن 1970 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ شىنجاڭ ئۇيغۇر

ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، قوشۇمچە «شىنجاڭ ياشلىرى»، «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» گېزىتخانىسىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى، «ياش كوممۇنىزمچى» ژۇرنىلى تەھرىر ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتى ئۇيغۇر گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ ئىشلىدى.

ئۇنىڭ ئەڭ قىرانلىق ۋاقتى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە بىر مەزگىل روھىي ئازاب بىلەن ئۆتتى. ئۇ تەرجىمە قىلغان جۇڭگودىكى داڭلىق يازغۇچىلارنىڭ بىر تۈركۈم رومان ۋە ئەدەبىي ئەسەرلىرى «زەھەرلىك چۆپ» بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەخمەت ياسارمۇ «زەھەر تارقاتقۇچى» قاتارىدا چەتكە قېقىلدى. 1971 - يىلىدىن 1973 - يىلى 9 - ئايغىچە «7 - ماي» كادىرلار مەكتىپىدە ئەمگەك قىلىپ، كۈن ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولدى. بىراق ئۇ چۈشكۈنلىشىپ ئۆزىنى يوقاتمىدى، پارتىيىگە ئىشەندى. «ساپ ئالتۇن ئەخلەت - چاۋا ئارىسىدىمۇ چاقنايدۇ». ئەخمەت ياسار ئۆزى كۆپ كۈچ سەرپ قىلىپ تەھرىرلىگەن 50 - يىللارنىڭ ئاخىرى ۋە 60 - يىللارنىڭ باشلىرىدا نەشر قىلىنغان «چەكسىز ئورمان قارلىق دالا»، «ياشلىق ناخشىسى» قاتارلىق رومانلارنىڭ يەنىلا ياخشى رومان ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئۆز مەيدانىدا چىڭ تۇردى. نەتىجىدە ئۇنىڭ دېگەنلىرى توغرا بولۇپ بۇ كىتابلار 1979 - يىلى يەنە قايتىدىن نەشر قىلىندى.

1973 - يىلى 10 - ئايدىن 1976 - يىلى 12 - ئايغىچە ئۇ يەنە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئاپتونوم رايونلۇق «ئىنقىلابىي كومىتېت» تەشۋىقات گۇرۇپپىسىنىڭ نەشرىيات سىستېمىسىدا، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا تەھرىر بولۇپ ئىشلەپ، «ئاق مۇتەخەسسىسلىشىش يولىدا ماڭغان»، «زەھەرلىك چۆپ تارقاتقان» دېگەن قالپاقلارغا پەرۋا قىلماي، «سۇ بويىدا» رومانىنىڭ 1 - ۋە 2 - تومىنىڭ تەرجىمىسىگە ۋە تەرجىمىسىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىشكە قاتنىشىپ، ئۆز كەسپىدە يەنە بىر يېڭى سەۋىيە ياراتتى. 1977 - يىلى 1 - ئايدىن ھازىرغا قەدەر ئۇنىڭ تەرجىمە ئىشلىرى ۋە ئىجادىيىتى ھەر قانداق چېغىدىكىدىن تەرەققىي قىلىپ، مەيلى ماركس كلاسسىك ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىش بولسۇن ياكى كلاسسىك ئەدەبىي ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىش بولسۇن، ھەر تەرەپتىن تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيىنى ياراتتى. بۇ چاغ ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ تەرجىمە ئىشلىرى ھاياتىدا ئەڭ گۈللەنگەن بىر مەزگىل بولدى. 1987 - يىلى ئۇنىڭ كۆرسەتكەن نەتىجىلىرى ۋە سىياسىي، كەسپىي ئىقتىدارىغا ئاساسەن، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى تەرجىمە - نەشرىياتچىلىق بويىچە ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي - تېخنىكا ئۇنۋانىنى باھالاشتا ئۇنىڭغا ئالىي مۇھەررىرلىك ئۇنۋانىنى بەردى. ئۇنى «جۇڭگو نەشرىياتچىلىرى لۇغىتى»نىڭ تەھرىر ھەيئەتلىكىگە تەكلىپ قىلدى. ھەمدە «جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرى لۇغىتى»، «جۇڭگو تەرجىمە مۇتەخەسسىسلىرى لۇغىتى»، «جۇڭگو ھۆكۈمەت ئاپپاراتى ناملىرى توپلىمى» قاتارلىق سەككىز لۇغەت ۋە مەشھۇر كىشىلەر توپلىمىدىن ئورۇن ئالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ يەنە جۇڭگو تەرجىمانلار جەمئىيىتى ئىجرائىيە ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى جەمئىيىتىنىڭ ئىجرائىيە ھەيئەت ئەزاسى قاتارلىق ئونغا يېقىن ھەر خىل ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ ھەيئەت ئەزالىق ۋەزىپىسىگە تەكلىپ قىلىندى. ئۇنىڭ پائالىيىتى ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ ئۇ ھەممىسىگە زور قىزغىنلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، قوشۇمچە ۋەزىپىلەرنىمۇ ئەستايىدىل ئىشلىدى.

بىر كۈنى مەن ئەخمەت ياسارنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ، ئۇنىڭ 60 ياشتىن كېيىن قىلماقچى بولغان ئىشلىرى ھەققىدە پاراڭلاشتىم. ئۇ ناھايىتى ھاياجانلانغان ھالدا ئۆزىنىڭ 17 يېشىدىن باشلاپ ھازىرغا قەدەر باسقان يولىنى ۋە تۇرمۇش پەلسەپىسىنى ناھايىتى ئىخچام قىلىپ سۆزلەپ بەردى. ئۇ مۇنداق دېدى:

— ببسپ ئۆتكه ن يولۇمنى ئه سلسه م هه م هه سره تلىنىدىغان، هه م خۇشال بولىدىغان ۋه په خىرلىنىدىغان ته ره پلىرىم بارلىقىنى هېس قىلىمه ن. هه سره تلىنىدىغىنىم: ئۆززۈمنىڭ به كباشلىقى ۋه به زى ئورۇنسىز سۆزىشي كاشىلا تۇپه يلىدىن بىكار زايا كه تكه ن چاغلىرىم ئاز ئه مه س. خۇشال بولغىنىم: مه ن ئه سلى چه ت ياقا تاغلىق يۇرتتا تۇغۇلغان پادىچىنىڭ ئوغلى ئىدىم. پارتىيه ۋه ته شكىلىنىڭ غه مخورلۇقى، پىشقه ده م ئۇستازلارنىڭ ياخشى ته سىرى ۋه خىزمه تداش، دوست - بۇراده رلىرىمنىڭ قوللاپ، مه دە ت بېرىشى ئارقىسىدا په يدىنپه ي يېتىلىپ، هه م ئه ده بىي ئه سه رله رنى ته رجىمه قىلالايدىغان ۋه ته هرىرلىيه - له يدىغان ته رجىمان ۋه ته هرىر بولۇپ يېتىلدىم. په خىرلىنىدىغىنىم: تۇرمۇشتا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان ۋه سولچىللىقنىڭ تايىقىنى يېگه ن چاغلىرىمدا روھسىزلىنىپ، ئۆززۈمنى تاشلىۋېتى - دىغان، ده ردىمنى ئىچىملىكتىن ئىلىپ سالا - مه تلىكىمنى بۇزۇۋالىدىغان يولغا ماڭمىدىم. هامان پارتىيىگه ئىشىنىپ، ئۈمىدۋار ياشىدىم. كىتاب ئوقۇش ئارقىلىق كۆڭلۈمنى كۆتۈردۈم. شۇڭا 60 ياشقا كىرگه ن بولساممۇ تېنىم خېلى ساغلام، كاللام خېلى ساز، روھىم خېلى تېتىك تۇرۇۋاتىمه ن.

بۇندىن كېيىن جىسمانىي ۋه روھىي جه هه تته مۇشۇ ده سمايه مدىن پايدىلىنىپ، ئۆگىنىش، بىلىم يېڭىلاش — ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچه داۋاملاشتۇ - رۇلىدىغان 1 - ۋه زىپه م، تىل - ته رجىمه ۋه ته هرىرلىك ساهه سىدىن هاسىل قىلغان ئازدۇر - كۆپتۇر ھېسسىيات ۋه ته جرىبىلىرىمنى يه كۈنله پ يېزىپ ياكى سۆزله پ، ياشلارنىڭ پايدىلىنىشىغا ته قدىم قىلىش. 2 - ۋه زىپه م، ته كلىپ بويىچه تىل - ته رجىمه ۋه ته هرىرلىك ساهه سىدىكى ئىلمىي پائالىيه تكه قاتنىشىش، به زى ئىلمىي ماقالىله رنى يېزىش ۋه جه مئىيه تكه پايدىلىق باشقا پائالىيه ت - له رگه ئاكتىپ قاتنىشىش يولى بىله ن ئاخىرقى ئۆمرۈمنى مه نىلىك ئۆتكۈزۈش، پاك ياشاش مېنىڭ ئه ۋزه ل نىيه تىم ئىراده م.

ئه خمه ت پاسارنىڭ سۆزىدىن قه تئىيلىك ۋه ئه ۋزه لنه مه س ئىراده چىقىپ تۇراتتى. كىشىلىك تۇرمۇشتا ئه خمه ت پاسارغا ئوخشاش ئۈمىدۋار ياشاش، تۇرمۇشنى سه مىمىي ۋه قىزغىن سۆيۈش، ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق بولغاندا مه غرۇرلىنىپ كه تمه سلىك، ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا ئۆزىنى تاشلىۋه تمه سلىك ده ل ئۇيغۇر خه لقىنىڭ ئىجابىي ياشاش ئۇسۇلىنىڭ جانلىق مىسالى ئه مه سمۇ؟

# شىنجاڭدىكى ئه ڭ ياش يانار تاغ

1951 - يىلى 5 - ئاينىڭ 27 - كۈنى كېرىيه ده رياسىنىڭ يۇقىرى. ئېقىن ساھىلىدا شىنجاڭ - شىزاڭ تاشيولىنى ياساۋاتقان ئازادلىق ئارمىيه جه ڭچىلىرى كۇئېنلۇن تېغى ئارىسىدا تۇيۇقسىز هه يۋه تلىك پارتلاش ساداسى ئىچىده ۋولقان ئېتىلىپ چىققانلىقىنى كۆرگه ن. مانا بۇ، شىنجاڭدىكى ئه ڭ ياش يانار تاغ — قارا تاش. شۇ يه ردىكى ئۇيغۇر چارۋىچىلار يانار تاغدىن ئېتىلىپ چىققان بازالتنى «قارا تاش» ده پ ئاتىغان. ئاشۇ جايدىكى ئون نه چچه يانار تاغ كۆزئۇسىدىن ته ركىب تاپقان يانار تاغ توپى مۇشۇ نام بىله ن ئاتالغان. قارا تاش يانار تېغى توپى، كۇئېنلۇن تېغىنىڭ بۇرۇلۇش هاسىل قىلغان قىسمىدىكى بىر تاغ ئارىسى ئويمانلىقىغا تارقالغان (دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4700 مېتر)، بۇ تاغلار توپى ئويمانلىقنىڭ شه رقىي - جه نۇبىدىكى ئاچچىقكۆل ۋه ئۇلۇغكۆلنىڭ شه رقىي قاسنىقىدا بولۇپ، شىمال ۋه شه رقته قاراپ ئىككى قاتار تىزىلغان. په رقلىق ئېگىزلىكى 100 - 200 مېتر كېلىدۇ. ئىككى كۆل لاۋا ئېقىمىنىڭ توسۇشىدىن شه كىلله نگه ن.

(ئۇربيه نىياز.ت)



# ناخشا خەزىنىسى-نىساخان

نىياز مەخمۇت

سەنئەت خۇمار كۇچا خەلقى، كاتتا ھۆرمەتكە ئىگە خەلق سەنئەتكارى مەرھۇم نىساخان ئاچىنى تىلغا ئالغاندا، ئۇنى كۇچا خەلق ناخشىلىرىنى توپلاش، ۋارىسلىق قىلىش، راۋاجلاندۇرۇش جەريانىدا 70 نەچچە يىللىق ھاياتىنى سەرپ قىلىپ، بۇ بىباھا گۆھەرنى بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر ساقلاپ كەلگەن «ناخشا خەزىنىسى» دەپ تەرىپلىشىدۇ.

پېشقەدەم خەلق سەنئەتچىسى نىساخان 1904- يىلى كۇچا ناھىيىسىنىڭ شەھەر ئىچىدە بىر نامرات ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى سەنئەت سۆيەر كىشىلەر بولغاچقا ناخشا - مۇزىكىغا قىزىقاتتى. شۇ چاغلاردا كۇچا شەھەر ئىچىدە ئالانۇرخان باشچىلىقىدا بىر قوللۇق ئەلنەغمىچىلەر، ئىمانىخان باشچىلىقىدا بىر قوللۇق ئەلنەغمىچىلەر، ھىلماخۇن خەلپەت باشچىلىقىدا يەنە بىر قوللۇق ئەلنەغمىچىلەر بولۇپ، ئۇلار سورۇنلاردا بەس - بەس بىلەن نەغمە قىلاتتى. نىساخاننىڭ ئاتا - ئانىسى يۇقىرىقى ئەلنەغمىچىلەر بىلەن ئارىلىشىپ، قويۇق باردى - كەلدى قىلىشاتتى.

شۇ كۈنلەردە تۇرمۇشنىڭ ئېغىر قىيىنچىلىقى سەۋەبىدىن دادىسى ئابدۇۋەلى ئاخۇن قىزى نىساخان قاتارلىق ئۈچ بالىسىنى نىساخاننىڭ ئانىسى پاتەمخانغا قالدۇرۇپ قويۇپ، ئۈرۈمچىگە كېتىپ قالىدۇ. پاتەمخان تۇرمۇش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن كېچىلىرى تىككۈچىلىك قىلسا، كۈندۈزلىرى ئايال نەغمىچىلەرگە قوشۇلۇپ، سەيلە - مەشرەپلەردە، بەزمىلەردە، توي مەرىكىلەردە نەغمە قىلىش بىلەن مەشغۇل بولىدۇ.

نىساخان شۇ چاغلاردا ئانىسى پاتەمخانغا ئەگىشىپ، ئايال نەغمىچىلەرنىڭ پائالىيەت سورۇنلىرىغا بارىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ناخشا - مۇزىكىغا بولغان ئىشتىياقى ۋە ھەۋىسى قوزغىلىپ، يەتتە - سەككىز ياش چېغىدىن تارتىپ دۇتار چېلىش، ناخشا ئېيتىشنى ئۆگىنىشكە كىرىشىدۇ. ئۇ كىچىككىدىنلا زېرەك بولغاچقا ئۇزاق ئۆتمەي ناخشا ئېيتىش ھەم دۇتتار چېلىشنى ئۆگىنىۋالىدۇ. كېيىنچە ناخشا - مۇزىكا ماھىرى بولۇپ قالىدۇ. ئەسلى بىر دۇتارچى بىلەن ئىككى داپەندى (داپ چالغۇچى) بىر قوللۇق نەغمە دېيىلىدۇ. لېكىن نىساخان كېيىنچە بىر قولدا داپ چېلىپ، يەنە بىر قولدا دۇتار چېلىپ، ئۆزى ناخشا ئېيتىپ، بىر قوللۇق نەغمىنى ئۆزى يالغۇز ئورۇندايدىغان ماھارەتنى يېتىلدۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن جامائەتچىلىك ئىچىدە تونۇلۇشقا باشلايدۇ. ئۇ نەغمىدە ئۇستا بولۇپ يېتىلگەچكە كىشىلەر ئۇنى «جىلدىر» (جىلدىر نىساخان) دەپ ئاتايدىغان بولغان.

ئىنساخان ئاچا بىر تەرەپتىن ئەسلىگە ۋارىسلىق قىلسا يەنە بىر تەرەپتىن ئىجاد قىلىش ئىقتىدارىغىمۇ ئىگە ئىدى. مەسىلەن: 1920 - يىللىرىنىڭ ئاخىرىسىدا داڭلىق قوشاقچى ۋە تەمبۇرچى ھېلىماخۇن خەلپەت، زالىم بەگ - ئەمەلدارلارنىڭ ئەيشى - ئىشرەتلىك تۇرمۇشىنى سۆكۈش مەقسىتى بىلەن «كارىز سەيلىسى» ناملىق بەش كۇپلېت قوشاق يازغان. ئىنساخان ئاچا ھېلىماخۇن خەلپەت بىلەن ئاھاڭ ئىشلەپ قايتا-قايتا ئېيتىپ، قايتا - قايتا ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ئاخىرىدا مۇكەممەل بىر ناخشا ئىجاد قىلىدۇ، بۇ ناخشا كوچىدا ئومۇملىشىپ خەلق قىزىقىپ ئوقۇيدىغان ۋە قىزىقىپ ئاڭلايدىغان ناخشىغا ئايلىنىپ، كوچا خەلق ناخشىلىرى قاتارىدىن «كارىز ناخشىسى» دېگەن نام بىلەن ئورۇن ئالدى.

ئىنساخان ئاچا ئۆز ماھارىتىنى كېيىنكى ئەۋلادلاردىن ئايىمىدى، ئۇ ناخشىلىرىنى ئۆگەنگىلى كەلگەن ياش ھەۋەسكارلارغا، ئارتىسلارغا ئەستايىدىللىق بىلەن ئۆگەتتى، ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا كۆزگە كۆرۈنگەن داڭلىق ناخشىچىلاردىن ئازادەم، رابىيە مۇھەممەت، رىسالەت ھاپىز، ئايىتىللا ئەلا قاتارلىقلار كۇچادىكى ۋاقىتلىرىدا ئىنساخان ئاچىدىن تەلىم ئالغان. ئۇ كوچا ناخشىلىرىدىن ئىبارەت بۇ بايلىقنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئالاھىدە تۆھپە قوشقان.

خەلق ۋە ھۆكۈمەت تۆھپىكارلارنى يەردە قويمايدۇ، ئىنساخان ئاچا 1955 - يىلى خەلق ئەلنەغمىچىلىرىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە بېيجىڭگە بېرىپ، بەختلىك ھالدا ماۋ جۇشى، جۇزۇڭلى، جۇدې، ليۇشاۋچى قاتارلىق پارتىيە - دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا سازاۋەر بولدى. يەنە شۇ نۆۋەتتە يولداش دېڭ يىڭچاۋ ئايرىم ھالدا ئىنساخان قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەت ئايال ناخشا - قوشاقچىلىرى، سەنئەتچىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنى سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىز ئۈچۈن تىرىشىپ تۆھپە قوشۇشقا ئىلھاملاندۇرغان. بۇ بەختلىك مىنۇتلار ئۇنىڭ قەلبىدە ئۇنتۇلماس خاتىرە بولۇپ قالغان. ئۇ بېيجىڭدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن تىرىشىپ يەنىمۇ ئىلگىرىلىدى.

1979 - يىلى 9 - ئايدا، ئىنساخان ئاچا پارتىيە - ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقى بىلەن بېيجىڭدە ئۆتكۈزۈلگەن ئاز سانلىق مىللەت ناخشا - قوشاق سەنئەتكارلىرى يىغىنىغا قاتنىشىپ، دېڭ شياۋپىڭ قاتارلىق پارتىيە - دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. ئۇنىڭ بىر قولىدا داپ، بىر قولىدا دۇتار بىلەن ئورۇندىغان «ئازاد زامان» ناخشىسىنى مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى ئاڭلاتتى.

ئىنساخان ئاچا ئۆزىنىڭ داڭلىق خەلق سەنئەتكارى بولۇشقا تېگىشلىك تالانتى، جەمئىيەتكە قوشقان ئۇلۇغ تۆھپىسى، جامائەتچىلىك ئىچىدىكى ھۆرمىتى ۋە نام - شۆھرىتى بىلەن ئايرىم - ئايرىم ھالدا جۇڭگو خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ھەمدە كۇچا ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەيئەت ئەزاسى ئىدى.

يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ تېنى ئاجىزلىشىشقا باشلىدى. ناھىيە رەھبەرلىكى ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ، ئىقتىسادىي جەھەتتىن غەمخورلۇق قىلىپ تۇردى. ئۇ، ئاغرىپ يېتىپ قالغاندا ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسىنىڭ مەسئۇللىرى كېلىپ ئۇنىڭدىن ھال سورىدى. ئۇنى مەخسۇس سىنئالغۇ لېنتىسىغا ئالدى. ئۇنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ، ئاخىرى 1987 - يىلى 2 - ئاينىڭ 21 - كۈنى 83 يېشىدا ۋاپات بولدى.

ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى سەيپۇل يۈسۈپ، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى مىجىت قاسىم ۋە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت

باشقارمىسىنىڭ مەسئۇللىرى كۇچاغا كىلىپ ناھىيە بىلەن بىرلىكتە مەرھۇم ئۈچۈن تەزىيە يىغىنى ئاچتى، ئۇنىڭ قەبرىسى قاتۇرۇلدى. ئىگە - چاقىسىز قالغان بىر قىزى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

پارتىيە - ھۆكۈمەت ۋە كەسپىي ئورۇنلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى بۇ خىل غەمخورلۇقى پۈتۈن ئەدەبىي-سەنئەت خادىملىرى ۋە جامائەت ئىچىدە ياخشى تەسىر قوزغىدى. «تۆھپىكارلار ئۆلسىمۇ، تۆھپىسى ئۆلمەيدۇ» دېگەندەك پېشقەدەم خەلق سەنئەتكارى «ناخشا خەزىنىسى» نىساخان ئاچا ۋاپات بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ناخشىلىرى خەلق ئارىسىدا كىشىلەرگە بەدىئىي زوق ۋە ھوزۇر بەخش ئەتمەكتە، ئۇنىڭ تۆھپىلىرى چېچەكلەپ مېۋە بەرمەكتە، ئىز باسارلار ئىز باسماقتا. 1991 - يىلى ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن «ئاقسۇ باھارى» سەنئەت كۆرىكىدە كۇچا سەنئەت ئۆمىكىدىن ياش ناخشىچى رىسالەت تۆمۈر بىر قولىدا دۇتار، بىر قولىدا داپ بىلەن ئورۇندىغان (نىساخان ئاچا ناخشىلىرىدىن) «شەلىرىڭ ئامان» كۆرەك ئەھلى ۋە تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ «مۇنەۋۋەر ئورۇندىغۇچى» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. «ئاقسۇ گېزىتى» رىسالەت تۆمۈرنى «ئىز باسقان ئەۋلاد» دېگەن تېمىدا تونۇشتۇردى. 1992 - يىلى 5 - ئايدا «ئۆتۈك» ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن شىنجاڭ بويىچە ئۇيۇشتۇرۇلغان ناھىيە دەرىجىلىكلەر كەسپىي ئۆمەكلىرىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە ئاقسۇدا ئۆتكۈزۈلگەن سەنئەت كۆرىكىنىڭ ئاخىرىسىدا، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ناخشىچىسى ئۈرسۇنگۈل بىر قولىدا دۇتار، يەنە بىر قولىدا داپ چېلىپ، نىساخان ئاچىنىڭ سۆيۈپ ئوقۇيدىغان ناخشىسى — «يۈرىكىم چاكچاك»نى ئورۇندىغاندا زالنىڭ ئىچىنى گۈلدۈراس ئالقىش ساداسى قاپلىدى. بۇ ياڭرىغان ئالقىشلار پەقەت ئاشۇ بىر ناخشا ئۈچۈنلا ئەمەس بەلكى، نىساخان ئاچىنىڭ كۇچا خەلق ناخشىلىرىنى بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر يەتكۈزۈپ بەرگەنلىكى ۋە ئىز باسارلارنىڭ يېتىشىپ چىققانلىقى ئۈچۈن ياڭرىغان ئالقىش ئىدى.

نىساخان ئاچا ئۆلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، تۆھپىسى ئۆلمىدى. ئۇنىڭ ناخشىلىرى مەڭگۈ ياڭرايدۇ.

## ئېلىمىزنىڭ قەغەز پۇلىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئوبرازى

دۆلىتىمىز 1987 - يىلى 4 - ئاينىڭ 27 - كۈنى يېڭىدىن بېسىپ تارقاتقان خەلق پۇلىنىڭ يۈزىدە ئېلىمىزدىكى 14 ئاز سانلىق مىللەتنىڭ باش سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. ئون يۈەن خەلق پۇلىنىڭ يۈزىگە خەنزۇ مىللىتى بىلەن موڭغۇل مىللىتىنىڭ باش سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن؛ بەش يۈەنلىك خەلق پۇلىنىڭ يۈزىگە زاڭزۇ مىللىتى بىلەن خۇيزۇ مىللىتىنىڭ باش سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن؛ ئىككى يۈەنلىك خەلق پۇلىنىڭ يۈزىگە ئۇيغۇر مىللىتى بىلەن يىزۇ مىللىتىنىڭ باش سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن؛ بىر يۈەنلىك خەلق پۇلىنىڭ يۈزىگە دۇڭزۇ مىللىتى بىلەن ياۋزۇ مىللىتىنىڭ باش سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن؛ 50 پۇڭلۇق خەلق پۇلىنىڭ يۈزىگە مياۋزۇ مىللىتى بىلەن جۇاڭزۇ مىللىتىنىڭ باش سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن؛ 20 پۇڭلۇق خەلق پۇلىنىڭ يۈزىگە بۇيىزۇ مىللىتى بىلەن چاۋشيەنزۇ مىللىتىنىڭ باش سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن؛ 10 پۇڭلۇق خەلق پۇلىنىڭ يۈزىگە گاۋشەنزۇ مىللىتى بىلەن مانجۇ مىللىتىنىڭ باش سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن.

خەلق پۇلىدا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئوبرازىنى ئەكس ئەتتۈرۈش 1955 - يىلى 3 - ئايدا تارقاتقان ئىككىنچى يۈرۈش بەش يۈەنلىك خەلق پۇلىدىن باشلانغان. بۇ پۇلنىڭ ئوڭ يۈزىدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان بولۇپ، بۇ ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ «كوللېكتىپ ئوبرازى» خەلق پۇلىدا تۇنجى قېتىم ئەكس ئەتتۈرۈلۈشىدۇر.

# ئۇيغۇرلاردا سىمۋوللۇق رەڭ

## چۈشەنچىلىرى

ئابدۇكېرىم راخمان

رەڭ ماددىي دۇنيانىڭ قۇياش نۇرىنى قوبۇل قىلىشتىكى ئاكتىپچانلىقى ياكى پاسسىپلىقى بىلەن ئىنسان سەزگۈسىدە ئىپادىلەنگەن خىلمۇخىل كۆرۈنۈشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ ماددىي دۇنيادا ئوبيېكتلىقتا، سەزگۈ دۇنياسىدا سۇبيېكتلىقتا ئىگە. بىز بۇ يەردە رەڭدىن ئىبارەت ئەشۇ كونكرېت نەرسىگە ئىنسان ئۆز سەزگۈسى ئارقىلىق مەلۇم سىمۋوللۇق مەنا بەرگەنلىكىدىن ئىبارەت ئادەت خاراكتېرىنى شەرھلەيمىز.

ئۇيغۇرلار ھەر خىل رەڭدىن ئۆزگىچە ئىستېتىك لەززەت ئېلىپلا قالماستىن، رەڭدىكى كىشىگە بېرىدىغان ئوخشىمىغان تۇيغۇنىڭ تەسىرى بىلەن ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش ئادىتىگە تۇرلۇك پائا-لىيەت ۋە چۈشەنچىلىرىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، تۇرمۇشىدىكى ئىزگۈ ۋە پالاكەتنىڭ سىمۋوللۇق بىشارىتى سۈپىتىدە قوللىنىپ ئىشلەتكەن. ھەر خىل رەڭلەرنىڭ ئىچىدە ئاق، كۆك، قىزىل، سېرىق رەڭلەر ئۇيغۇرلارنىڭ پىسخىك پائالىيىتى ۋە دىنىي ئەقىدىسىگە زىچ ماسلاشقان ھالدا، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئۆرپ - ئادىتىدە بىر قەدەر گەۋدىلىك رول ئوينىغان بولۇپ، ئۇ قەدىملىكى ۋە ئىزچىللىقى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتىدە مۇھىم بىر ئالاھىدىلىك بولۇپ شەكىللەنگەن.

### ئاق رەڭ

ئاق رەڭ، ئۇيغۇرلارنىڭ نەنە نىۋى ئېڭىدا بەخت، ئامەت، ياخشىلىق، پاكلىق، ئالىيجاناپلىق چۈشەنـ-چىسىنى بەرگەن. بۇ خىل چۈشەنچە ئۇيغۇرلار-نىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقاد دەۋرلىرىدىن تارتىپ، تاكى ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە. مەسىلەن، سەپەرگە چىققانلارنى ئۇزىتىشتا «ئاق يول بولسۇن» دەپ ياخشى تىلەكتە بولۇش، سۈتنى تۆكۈلۈشنى، قارنى بەخت - ئامەتنىڭ بەلگىسى دەپ بىلىش، قىزلار توي بولغان كۈنى ئاق رەڭلىك كۆڭلەك كىيىش قاتارلىق ئادەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ئاق رەڭ تولۇغلانغان.

بۇنىڭدىن باشقا ئاق رەڭگە ئائىت چۈشەنـ-چىلەر ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ، ئۇنى بىر قەدەر قەدىمرەك بولغان نەمۇنىلەردىن ئىزدىگەندە مەشھۇر داستان «ئوغۇزنامە»گە مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. داستاندا، ئوغۇز خاقاننىڭ ھەربىي يۈرۈشتە قولىغا كەلتۈرگەن بۈيۈك غەلىبىسىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىدە، 40 غۇلاچلىق ئاق خادا ئاستىغا ئاق قوينى باغلىشى بەخت ۋە ئامەتنىڭ مەڭگۈلۈك نىسىپ بولۇشىغا قارىتا ئىشەنچنىڭ سىمۋولى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددىزىم ئېتىقادى دەۋرىدىمۇ ئاق رەڭ ئوخشاشلا ياخشىلىق ۋە ئامەتنىڭ سىمۋوللۇق بەلگىسى سۈپىتىدە قوللىنىلغان. «ئىككى تېكىننىڭ ھېكايىسى»دىكى ئاق نىيەت تېكىننىڭ ياخشىلىق قىلغۇچى ۋە خەيرى - ساخاۋەت ئۈچۈن ئۆز جېنىنى قۇربان قىلىشتىن باش تارتمايدىغان ئېسىل روھى ئاق سۆزى بىلەن سۈپەتلەنگەن. «ئىرق پۈتۈك»تىمۇ ئاق رەڭگە مۇناسىۋەتلىك بولغان چۈشەنچىلەرنىڭ ھەممىسى ياخشىلىق ۋە بەخت - ئامەتنىڭ بىشارىتى سۈپىتىدە بايان قىلىنغان. ئاق رەڭنىڭ سىمۋوللۇق مەنىسى ھازىرمۇ مەۋجۇت بولۇپ، دوختۇر، سېستىرالارنىڭ ئاق خالات كىيىشى بىمارلارنىڭ نىجاتكارىغا سىمۋول قىلىنغان. ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدىمۇ ئاق رەڭ يۇقىرىقىدەك ئۆزگىچە سىمۋوللۇق مەنا بىلەن ئىپادىلەنگەن.

### كۆك رەڭ

كۆك رەڭمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقادى بىلەن باغلانغان ھالدا ياخشىلىق ۋە ئامەتنىڭ

شۇنداقلا ئىلاھى تۇسىنىڭ سىمۋوللۇق بىشارىتى سۈپىتىدە گەۋدىلەنگەن.

كۆك سۆزىنىڭ بىرنەچچە تۈرلۈك مەنىسى بار، مەسىلەن، كۆك — تەڭرى، ئاسمان، كۆك رەڭ، ئەسلى (كۆكۈڭ قايسى)، كۆكلە (ياشا، ياشارماق)، كۆك (كۆكتات، ئوت - چۆپ) قاتارلىقلار. بىزنىڭ بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇۋاتقىنىمىز، كۆك سۆزىنىڭ ئىككى خىل مەنىسى بولۇپ، بىرسى تەڭرى يەنى خۇدا مەنىسى؛ يەنە بىرسى رەڭ پەرقىدىكى كۆك مەنىسى، تېخىمۇ كونكرېت ئېيتقاندا، كۆك رەڭنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئېڭىدا مۇقەددەس رەڭ چۈشەنچىسىگە كۆتۈرۈلۈشى، ئۇنىڭ خەلق ئېڭىدىكى تەسىرى قاتارلىقلار.

قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەقىدىسىدە كۆك رەڭنىڭ بۈيۈكلۈك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ، ئىلاھى قۇدرەتنىڭ سۈپىتى ياكى ئىسمى ئورنىدا قوللىنىشىنىڭ مەلۇم ئىجتىمائىي ئاساسى بار. ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى خەلقلەر جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قەدەر ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولغان ئىشلەپچىقىرىش ئادەتلىرى ئومۇمەن چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان ئىدى. چارۋىچىلىق ھايات ئاساسەن يېشىللىقنى مەركەز قىلغان يايلاقنى ماكان قىلاتتى. يايلاق مەدەنىيىتىدە يېشىللىق ھاياتنىڭ ئاساسى، دەپ قارىلىپ، ئۇنىڭغا بولغان ئىخلاسمەنلىك كۈچەيگەن ئىدى. بۇنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى «تبلى قوشقى»نى مىسال كەلتۈرۈشكە بولىدۇ. ئۇنىڭدا ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ يېشىللىققا باغلانغان ھاياتلىق پائالىيىتى ناھايىتى ئوبرازلىق ھالدا بايان قىلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا «ئوغۇزنامە» داستانىدا كۆك رەڭگە ئائىت بايانلار خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ.

ئوغۇزخاننىڭ ئۆڭ - چىرايىنىڭ كۆك بولۇشى، ئۇنىڭ تەڭرىگە سېغىنىۋاتقاندا ئەتراپ قاراڭغۇلىشىپ، ئاسماندىن بىر كۆك نۇرنىڭ چۈشۈشى، ئۇنىڭ ئىچىدىن كۆزلىرى كۆك، گۈزەل بىر قىزنىڭ پەيدا بولۇشى، كۆك تۈكلۈك، كۆك يايلىق ئەركەك بۆرىنىڭ ئوغۇزخانغا يول باشلىشى... قاتارلىق بايانلار قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدا كۆك رەڭنىڭ ئېتىقاد ئاساسى بولۇپ شەكىللەنگەنلىكىنىڭ روشەن دەلىلىدۇر.

شامانىزم ئېتىقادى دەۋرىدە تەبىئەت ئىلاھچىلىقنى مەركەز قىلغان ئاسمان، قۇياش، ئاي، يۇلتۇز، شامال، يامغۇر، چاقماق قاتارلىق ھادىسىلارنىڭ يۈز بېرىشىدە كۆك سۆزى تەڭرىگە تەققاسلىنىپ بۈيۈكلۈك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن.

ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن كۆك (ئىلاھ) چۈشەنچىسىدىن ئالەمنى بىنا قىلغۇچى «ئاللاھ» ئۇقۇمى پەيدا بولۇپ، ئۇ، كۆك تەڭرى چۈشەنچىسىنىڭ ئورنىغا دەسسىدى. لېكىن كۆكنىڭ خەلق ئېڭىدىكى سىمۋوللۇق مەنىسى (ئېستېتىك مەنىسى) ئۆزگەرمىدى، بەلكى ئادەت سۈپىتىدە خەلق ئارىسىدا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە. مەسىلەن، قايغۇ - ھەسرەتكە دۇچار بولغاندا كۆككە قاراپ ئىلتىجا قىلىش، يېشىللىقنى قەدىرلەش، تەبىئەتنىڭ تۇنجى مېۋىسى (كۆكى)گە بولغان ھېرىسمەنلىك، بىدە كۆكىدە كۆك چۆچۈرىسى ئېتىپ، ئۇرۇق - تۇغقان ياكى قولۇم - قوشنىلارغا يېڭىلىق تۇتۇش ئۇدۇمى، كۆك مەشرىپى قاتارلىقلار شۇنىڭ جۈملىسىدۇر.

## قىزىل ۋە سېرىق رەڭ

## چۈشەنچىسى

ئۇيغۇرلار قىزىل رەڭنى ياخشىلىقنىڭ، خۇشاللىقنىڭ، بەخت - سائادەتنىڭ، گۈزەللىكنىڭ، جەڭگىۋارلىقنىڭ، غەلىبىنىڭ سىمۋوللۇق بىشارىتى، دەپ قارايدۇ.

ئۇيغۇرلاردا قىزىل رەڭنىڭ يۇقىرىقىدەك مەنالارغا ئىگە بولۇشى ئۇلارنىڭ ياشىغان جۇغراپىيىلىك شارائىتى، ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقادلىرى ۋە تارىخىي كەچۈرمىشلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، تەدرىجىي ھالدا، نىسبىي مۇقىم مەنىسى بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆرپ -

ئادەتلىرىدە ئەكس ئەتكەن. مەسىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتىدە توي-تۆكۈن بولسا، «ئاش سۈيى» ھېسابىدا قىز تەرەپكە ئاپىرىدىغان قوينىڭ بېشىغا قىزىل رەخت باغلاپ قويۇلىدۇ، توي كۆچۈرۈش ھارۋىسىغا قوشۇلىدىغان ئاتلارغا ياكى ھازىرقى زاماندىكى توي كۆچۈرۈش ماشىنىلىرىنىڭ ئالدىغا قىزىل رەخت باغلىنىدۇ، ھەتتا توينىڭ ناغرا - سۇنايلىرىغىمۇ قىزىل رەخت باغلاپ قويۇلىدۇ. سۈننەت توي مۇراسىمىدا سۈننىتى قىلىنغان بالىنىڭ بېلىگە گۈل چىقىرىلغان قىزىل پوتا باغلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يېڭى تۇغۇتلۇق ئۆيلەرنىڭ ئىشىكىگە قىزىل رەخت ئېسىپ قويۇلىدۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تەسۋىرىي ۋاسىتىلىرىدا قىزلارنى قىزىل گۈلگە ئوخشىتىدۇ. قىزلار، ياش چوكانلار قىزىل رەڭلىك كۆڭلەك كىيىشنى ياخشى كۆرىدۇ. قىزىل رەڭ — ياشلىقنىڭ بەلگىسى، دەپ قارايدۇ.

قىزىل رەڭگە بولغان مۇشۇنداق ھېرىسمەنلىك تۈپەيلىدىن شەرقىي شىنجاڭ ۋە شىمالىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا قىزىل دوپپا كىيىش ئادىتى تارىختىن بۇيان ساقلىنىپ كەلمەكتە. بولۇپمۇ تۇرپان ئۇيغۇرلىرى قىزىل رەڭگە تېخىمۇ ئالاھىدە مۇئامىلە قىلىدۇ.

قەدىمكى زەردۇش دىنىنىڭ تەسىرى بىلەن ئوتقا چوقۇنغان تۇرپان ئۇيغۇرلىرى يىراقتىن قارىسا لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتقا ئوخشايدىغان قىزىل توپىلىق يالقۇن تاغنى «قۇتتاغ» (بەخت، بەرگۈچى تاغ) دەپ ئاتاپ، ئۇنى ئۇلۇغلىغان ۋە چوقۇنغان ھەمدە «قۇتتاغ»نىڭ قىزىل رەڭ ھالىتىنى قىزىل دوپپا كىيىش ئادىتى ئارقىلىق نامايان قىلغان.

سېرىق رەڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىستېتىك ئادىتىدە قۇياشقا، مول ھوسۇلغا، ئالىيجانابلىققا سىمۋول قىلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار سېرىق رەڭنى ئالتۇن رەڭ دەپ ئاتايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ بەدىئىي ئەسەرلىرىدە قۇياشنىڭ نۇرلانغان مەزگىلنى «ئالتۇندەك پارلىغان قۇياش» دەپ تەرىپلىسە، مول ھوسۇللۇق بۇغدايلارنى «ئالتۇن باشاقلىق بۇغدايلار» دەپ سۈرەتلەيدۇ. يەنى ئەدەب - ئەخلاقلىق، ياخشى بالىلارنى «ئالتۇندەك بالىدە» ياكى «ئالتۇندەك قىز» دەپ ئالتۇنغا ئوخشىتىدۇ. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنىۋاتقان «ئالتۇن» ماددا ھالىتىدىكى مېتال ئۇقۇمى بولماستىن، بەلكى ئالتۇن رەڭ — سېرىق رەڭ چۈشەنچىسىنى بېرىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ ئەتۋارلىق گۈزەل - سەنئەت بۇيۇملىرى ۋە گۈزەل سەنئەت بۇيۇملىرىنىڭ رەڭگىمۇ ئالتۇن رەڭنى ئاساس قىلىدۇ. ئەنئەنىۋى نەققاشچىلىق سەنئىتىدە ھەشەمەتلىك ئىمارەتلەرنىڭ گىرۋەك نەقىشلىرىگە ئالتۇن رەڭدە ھەل بېرىلىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ رەڭ چۈشەنچىسىدە سېرىق رەڭنى ياخشى كۆرۈش ئادىتى ئۇلارنىڭ قەدىمكى قۇياش ئەقىدىسىگە سېغىنىشتىن ئىبارەت ئىپتىدائىي ئېڭى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

لېكىن بەزىدە سېرىق رەڭ چۈشكۈنلۈككە، روھسىزلىققا، پەرىشانلىققا سىمۋول قىلىنغان ئەھۋاللارمۇ ئۇچرايدۇ. بۇنداق زىددىيەتلىك مەنا كۆپرەك ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى تەسۋىرىي ۋاسىتىلەردە كۆزگە چېلىقىدۇ.

## قىزىقارلىق ئادەتلەر

ئامېرىكىدا، ھېيت - بايرام، توي مۇراسىمى كۈنلىرىدە، كىشىلەر ھەمىشە تۇخۇمنى چېقىپ، سېرىقى ۋە ئېقىنى سۈزۈك سۇغا سالىدىكەن - دە، ئۇنىڭ شەكلىگە قاراپ كېيىنكى تۇرمۇشىنىڭ كۆڭۈللۈك بولۇش - بولماسلىقىنى مۆلچەرلەيدىكەن، ئاندىن ئۇنىڭغا ئاق شېكەر ئارىلاشتۇرۇپ پىشۇرىدىكەن. بۇ، تۇرمۇشىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولۇشى، بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ ئىناق ئۆتۈشىنى بىلدۈرىدىكەن.

نىگېرىيە فېدېراتىپ جۇمھۇرىيىتىدە، تۇخۇم ئاياللارنىڭ پەرزەنت كۆرۈش ئىقتىدارى يوقلۇقىنى بىلدۈرىدىكەن. چۈنكى تۇخۇمنىڭ شەكلى «0» گە ئوخشايدۇ. شۇڭا، پەرزەنت كۆرمىگەن ئاياللارنىڭ تۇخۇم يېيىشى مەنئى قىلىنىدىكەن.

تۈركىيىدە، تۇل ئاياللار تۇخۇم ئىستېمال قىلىشنى بىدئەتلىك دەپ قارايدىكەن. شۇڭا، بىر ئۆمۈر تۇخۇم يېيىشكە جۈرئەت قىلالمايدىكەن.

# ئۇيغۇرلارنىڭ بەلبېغى پوتا



مۇھەممەت تۇرسۇن ھەسەن

ئۇيغۇر ئەرلىرى بېلىگە چىرايلىق رەختلەردىن پوتا باغلىۋالىدۇ، لېكىن پوتا باغلاش قاچان، قانداق ئىجتىمائىي، ئەدەبىي شارائىتتا بارلىققا كەلگەنلىكى توغرىسىدا ئىشەنچلىك يازما ماتېرىيال يوق. بۇددا مەدەنىيىتىگە ئائىت مىڭ ئۆي تام رەسىملىرىدە ئەرلەرنىڭ بېلىگە پوتا باغلىۋالغانلىقىغا ئائىت كۆرۈنۈشلەر بولسىمۇ، پوتىنىڭ شەكلى ھازىرقى پوتا شەكلى بىلەن ئوخشىمايدۇ. پوتىنى باغلاش ئۇسۇلى، شەكلى، ئىشلىتىلىش رولى جەھەتتىن ئىنچىكە كۆزەتكەندە ئۇنىڭ ئىسلام مەدەنىيىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بايقاش تەس ئەمەس.

پوتا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇملىرىنىڭ بىرى بولۇپ ئۇنىڭدا ئۇيغۇرلارغا خاس مىللىي ئالاھىدىلىك ناھايىتى روشەن. پوتا ھەم ئەمەلىي ئىشلىتىلىش ھەم زىننەت بۇيۇمى قىلىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. ئۇيغۇر ئەرلىرى پوتا باغلاشنى بەكمۇ ياخشى كۆرىدۇ. بولۇپمۇ پوتا باغلاش يېزا-قىشلاقلاردا كەڭ ئوردە ئومۇملاشقان. ئادەتتە پوتىنىڭ شەكلى ئوخشاش بولمىغاچقا، باغلاش ئوبيېكتلىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. پوتىنىڭ تۈرى كۆپ بولسىمۇ ھازىر كەڭ ئومۇملاشقىنى ئۈچ خىل. پوتىنىڭ بۇ ئۈچ خىل شەكلى ئۇنىڭ باغلاش ئوبيېكتلىرى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

1. يەرلىك ئۇسۇلدا توقۇلغان پوتا. بۇ خىل پوتىنى باغلاش يېزىلاردا، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا كەڭ دائىرىدە ئومۇملاشقان. يېزا، قىشلاقلاردا مەخسۇس ئەنئەنىۋى توقۇمىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قول-ھۈنەرۋەنلەر بار بولۇپ، ئۇلار يەرلىك ئۇسۇلدا پوتا ۋە باشقا ھەر خىل تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى توقۇيدۇ. يەرلىك ئۇسۇلدا توقۇيدىغان پوتىنىڭ خام ئەشياسى ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى، مەخسۇس بوز يىپتا توقۇلىدۇ، بۇنى بوز پوتا دەپ ئاتايدۇ، بىرى خاس يۇڭ يىپتا توقۇلىدۇ، ئۇنى يۇڭ پوتا دەپ ئاتايدۇ. بوز يىپتا توقۇلغىنى يۇمشاق، ئەۋرىشىم بولىدۇ. يۇڭ يىپتا توقۇلغىنى سەل قاتتىقراق ئەمما چىدامىلىق بولىدۇ. پوتىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئۈچ مېتىر، كەڭلىكى ئەللىك سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. ھەر ئىككى خىل پوتىنىڭ ئۇچىغا رەڭلىك يىپلاردىن چىرايلىق چۇچا ئورنىتىلىدۇ. ئوتتۇرىسىغا بولسا ھەر خىل رەڭلىك يىپتىن نەپىس گۈللەر چېكىلىدۇ. بۇ خىل پوتىلار ھەم يارىشىملىق ھەم چىدامىلىق بولۇپ ئوتتۇرا ياش ئەرلەر باغلايدۇ.

2. گۈللۈك رەخت پوتا. بۇ ھازىرقى زامان رەختلىرى ئاساسىدىكى پوتىنى كۆرسىتىدۇ. يەنى قىزىل ھەم كۆك گۈللۈك رەختلەرنى پوتا قىلىپ باغلىۋالىدۇ. پوتىدىكى گۈل نۇسخىلار ئۇرغۇپ تۇرغان ياشلىق، غەيرەت-شىجائەتنىڭ سىمۋولى قىلىنىدۇ. بۇ خىل پوتىنى ياشلار باغلايدۇ.

3. يىپەكتىن توقۇلغان ياغلىق شەكلىدىكى پوتا. بۇ خىل پوتىنىڭ رەڭگى سۈت رەڭلىك ياكى ناۋات رەڭلىك بولىدۇ، ئانچە چوڭ بولمايدۇ، ئۇنى ياشانغانلا ئۆلىما، ھاجى، ئىمام، شەيخ ۋە بىر قىسىم تالىپلار باغلايدۇ. ئۇنىڭ تۆت تەرىپى تەڭ بولۇپ ياغلىققا

ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ئۈت بۈرجىكىگە قۇرئانى كەرىمدىكى مۇھىم ئايەتلەر يېزىلغان بولۇپ، ئوتتۇرىسىغا مەككە ياكى مەدىنىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن بولىدۇ. بۇ خىل پوتىنى باغلاش ئۇسۇلى يۇقىرىدىكى ئىككى خىل پوتىنى باغلاش ئۇسۇلىغا ئوخشىمايدۇ. خۇددى پىئونېرلارنىڭ گالىستۇكىنى قاتلاش ئۇسۇلىغا ئوخشاش پوتىنىڭ قاتلانغان ئۇچى بەلدە سەل ئاستىغىراق قويۇپ بېرىلىدۇ. بۇ خىل پوتا خاس يىپەكتىن توقۇلغان بولغاچقا نەپىس، ئەۋرىشىم، چىرايلىق، يارىشىملىق بولۇپ، پاكلىقىنىڭ سىمۋولى قىلىنىپ، بەلگە باغلىغاندىن سىرت سەپەر ئۈستىدە ياكى جەينىماز يوق شارائىتتا جەينىماز ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. شۇڭا ئۇ ناھايىتى پاكىزە تۇتۇلىدۇ. باشقا نەرسە - كېرەك يۆگىمەيدۇ. باشقا پوتىلارنى باغلىغانلار نان ۋە باشقا مۇھىم نەرسىلەرنى پوتىسىغا تۈگۈۋالىدۇ. دېھقان، چارۋىچىلار غىلاپلىق پىچاقلىرىنى پوتىسىغا ئېسىۋالىدۇ.

پوتا باغلاشنىڭ رولى كۆپ. ئۇنى قىش كۈنى باغلىۋالسا سوغۇقتىن ساقلانغىلى بولىدۇ. جىسمانىي ئەمگەك قىلغاندا ئادەم ئۆزىنى ناھايىتى روھلۇق، كۈچلۈك ھېس قىلىدۇ، ئاسان ھېرىپ قالمايدۇ. ئۇزۇن يول يۈرگەندە تېز چارچاپ بوشىشىپ كەتمەيدۇ. دېھقان، چارۋىچىلار ئۇنى ھەم سومكىنىڭ ئورنىدا نەرسە - كېرەك ئېلىشقا، ھەم سىرتقى جايلاردا، سەپەر ئۈستىدە داستىخان ئورنىدا ئىشلىتىدۇ. ئۇندىن باشقا پوتا باغلاشنىڭ تەنىنىڭ ساغلاملىقىغىمۇ پايدىسى بار. كىچىكىدىن باشلاپ پوتا باغلاپ ئادەتلەنگەن ئەرلەرنىڭ قورسىقى ئىچىگە تارتىلغان. ئۇستىخىنى چىڭ، قامەتلىك بولىدۇ، ئۆزىنى دائىم روھلۇق، جۇشقۇن ھېس قىلىدۇ. پوتا باغلاش ئانچە زورۇرىيىتى يوق ئىشتەك كۆرۈنگىنى بىلەن كۈندىلىك ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ئۇنىڭ رولى چوڭ. پوتا ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى، ئۆرپ - ئادىتى، ئېتنوگرافىيىسى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە.

## ژۇرنىلىمىزغا باھا

1. قايسى سەھىپىلەرنى ياقتۇرىسىز:

A ____________ B ____________

C ____________ D ____________

2. قايسى سەھىپىلەرنى ياقتۇرمايسىز:

A ____________ B ____________

C ____________ D ____________

3. قايسى ماقالىلار سىزگە ياقتى:

A ____________

B ____________

4. قايسى ماقالىلار سىزگە ياقمىدى:

A ____________

B ____________

ئىسىم فامىلىڭىز ____________

ئادرېسىڭىز ____________

# ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ تەبىئىي

# گىرىم بۇيۇمى — ئوسما

ئازادگۈل مەڭسۇر

ئۇيغۇر ئاياللىرى ئوسمىنى قاچانلاردا تېرىپ قاچانلاردىن باشلاپ ئۇنى گىرىم بۇيۇمى سۈپىتىدە ئىشلەتكەنلىكى توغرىسىدا ئېنىق يازما ماتېرىيال يوق، لېكىن ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ۋە چۆچەك رىۋايەتلەردىكى ئوسما قويغان خوتۇن ـ قىزلار ھەققىدىكى تەسۋىرلەردىن ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئوسما تېرىش ۋە ئۇنى گىرىم بۇيۇمى سۈپىتىدە ئىشلەتكەنلىكى ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى قىياس قىلىش ئانچە تەس ئەمەس. ئەۋلادلىرىمىز پەرداز بۇيۇملىرىنى ئىشلەش ۋە ئۇنى ئورمۇشتا ئىشلىتىشتە خېلى بۇرۇنلا ناھايىتى يۇقىرى سەۋىيە ياراتقان. ئۇلار بىر خىل ئۆسۈملۈكتىنلا ئەمەس بىر نەچچە خىل ئۆسۈملۈكلەرنىڭ چېچەكنى، بەزى مېۋىلەرنىڭ مېغىزى ۋە ھەر خىل مايلارغا ئارىلاشتۇرۇپ، پەرداز بۇيۇمى ياسىغانلىقى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋە بەزى تارىخىي ماتېرىياللاردا ئېنىق قەيت قىلىنغان.

ئوسما ئۇيغۇر قىز ـ چوكانلىرى ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى تەبىئىي گىرىم بۇيۇمى سۈپىتىدە ئىشلىتىپ كەلگەن ۋە ئۇلار ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك.

ئوسما 4 ـ ئاي مەزگىلىدە تېرىلىدۇ. 15 سانتىمېتىر ئەتراپىدا ئۆسىدۇ، سېرىق رەڭلىك چېچەكلەيدۇ، ئۇرۇقى ئۇزۇنچاق بولۇپ سۆسۈن رەڭدە بولىدۇ. ئوسما بەش سانتىمېتىر ئۆسكەندىن باشلاپ ئۈزۈپ ئېلىنىپ، كىچىك چىنىلەرگە سىقىپ سۈيىنى چىقىرىپ، سەرەڭگە ياغىچى ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ئىنچىكە ياغاج ئۇچىغا پاختا يۆگەپ پەلكۈچ ياساپ، ئوسما سۈيىگە چىلاپ قاشقا بىر نەچچە قېتىم يېقىلىدۇ. بىر ئاز شامالدىغاندىن كېيىن يېنىك سىلاپ يۇيۇلىدۇ. قاشتا چۆكمە بولغان قىسمى ئۈزۈنغىچە كەتمەيدۇ. ئۇنى قاشقا سۈرگەندە قاش ئۇزۇن، پارقىراق بولىدۇ، قاشنىڭ تۈم، قويۇق ئۆسۈشىگە پايدىسى بولىدۇ. كۆز پەسلىدە ئوسمىنى ئۈزۈۋېلىپ، ئۆچكە مېيى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ كۆيـدۈرسە قىش پەسلىدىمۇ ياز كۈنلىرىدىكىگە ئوخشاش ئىشلەتكىلى بولىدۇ. ئۇيغۇر خەلقى ئوسمىنى ئىشلىتىش داۋامىدا ئورغۇن تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ئارقىلىق، ئوسمىنى ئۆچكە مېيى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، قومۇشقا قاچىلاپ قۇرۇتۇپ، قاتتىق ئوسما ياكى قەلەم ئوسما ياساپ چىققان. ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە ئوسمىنىڭ تەبىئىتى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى مۇنداق قەيت



قىلىنغان: ئۇسما ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق. خۇسۇسىيىتى بەدەننى پارقىرىتىدۇ ۋە ئارتۇق خىلتلارنى تارقىتىدۇ. ئۇسمىنىڭ خۇزابىنى سۇ ۋە تۇز بىلەن باشقا چاپسا چاچنى قارايتىدۇ، يەل ۋە بەلغەم خاراكتېرلىك باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، ئۇنى بوي سىلىپ تۇتۇننى پۇرىسا ياكى ئېزىپ چاپسا زۇكام ئۈچۈن مەنپەت قىلىدۇ، چاچلارنى چىڭىتىدۇ، يوپۇرمىقىنىڭ سىقىلغان سۈيىنى ياكى قاينىتىلغان سۈيىنى مۇۋاپىق ھالدا ئىچسە قەي قىلدۇرىدۇ، ئۇسمىنىڭ خۇزابى چاچنى قارايتىشتا باشقا خۇزابلارغا نىسبەتەن ياخشى، ئۇرۇقىنى يۇمشاق ئېزىپ كۆزگە تارتسا كۆزگە سۇيۇقلۇق چۈشۈشنى توسىدۇ ۋە چۈشكەن سۇيۇقلۇقلارنى تارقىتىدۇ. بۇندىن باشقا يەنە جىگەردىكى ھارارەتنى تارقىتىش، قاننى سۇۋۇتۇش، زەھەرنى قايتۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. بالىلارنىڭ دولۇتۇپ كېتىشلىرى، قىزىتمىلىق كېسەللىرىدىكى ئەسۋە، قان قۇسۇشلارنى داۋالاشتا ھەم ئېغىز ئىچى ۋە تىلغا چىققان جاراھەتلەرنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇسما قويۇش ئۇيغۇر ئاياللىرىغا خاس ئالاھىدىلىك بولۇپ ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كەلمەكتە. ھازىر گەرچە گىرىم بۇيۇملىرىنىڭ سۈپىتى ۋە سانىدا زور ئىلگىرىلەش بولغان بولسىمۇ لېكىن ئۇيغۇر ئاياللىرى بولۇپمۇ يېزا - قىشلاقلاردا ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇر قىز - چوكانلىرى ئۇسمىدىن ئىبارەت بەدەن ساغلاملىقىغا پايدىلىق تەبىئىي گىرىم بۇيۇمىنى ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدا ئۆستۈرمەكتە ۋە ئىشلەتمەكتە.

ھازىر ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئۇسما ئىشلىتىش ئاساسىدا ئىلمىي ئۇسۇل بىلەن ئىشلەپچىقىرىلغان ئۇسما قەلەمچىسى دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارا بازارلاردا كەڭ خېرىدارلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشمەكتە.

## لېنىن مېڭىسىنىڭ سىرى

لېنىن 1921 - يىلىدىن باشلاپ بېشى قاتتىق ئاغرىپ، تۈن بويى ئۇخلىيالمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ ئوڭ قولى بىلەن سول پۇتى پالەچ بولۇپ قېلىش دەرىجىسىگە يېتىدۇ. خەت يازالمايدۇ، ئېغىزدا ئېيتىپ بېرىپ باشقىلارغا يازدۇرىدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. بەزىلەر بۇنىڭ سەۋەبىنى 1919 - يىلى لېنىن سۇيىقەستكە ئۇچرىغان چاغدا ئۇنىڭ تاغاق سۆڭىكىدە ئوق تۇرۇپ قالغانلىقىدىن بولغان دەپ قارايدۇ. لېنىن 1922 - يىلى 4 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئوپېراتسىيە قىلىنىپ، ئوق ئېلىۋېتىلگەن بولسىمۇ، كېسەل ياخشىلانمايدۇ. لېنىن ۋاپات بولغاندىن كېيىن جەسىدىنى يېرىپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئاندىن بۇ سىر ئېچىلدى. ئەسلىدە، لېنىننىڭ مېڭە قان تومۇرلىرى ئىنتايىن ئېغىر دەرىجىدە قېتىشقان، دوختۇر قىسقۇچ بىلەن نوقۇپ كۆرگەندە قىسقۇچ خۇددى تاشقا تەككەندەك تاراقلاپ ئاۋاز چىقارغان. مېڭە قان تومۇرىغا قىلدەك ئىنچىكە پولات سىمنى سانجىغاندىمۇ ئۆتمىگەن. شۇ سەۋەبتىن مېڭە ھۈجەيرىلىرىگە يېڭى قان ئۆتەلمەي، مېڭە قان ئارقىلىق كېلىدىغان ئوزۇقلۇقتىن بەھرىمەن بولالمىغان، مانا بۇ لېنىننىڭ 54 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتۈشىگە سەۋەب بولغان.

لېنىننىڭ مېڭىسى شۇ قەدەر ئېغىر دەرىجىدە زەخىملەنگەن بولسىمۇ، يەنىلا نورمال تەپەككۇر قىلالىغانلىقى، لېنىننىڭ جەسىدىنى يېرىپ تەكشۈرۈشكە قاتناشقان دوختۇرلارنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرغان.

(يۇسۇپجان ئىمىن تەييارلىغان)

# مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىدىكى سىر

ئالاقىدار سانلىق مەلۇماتلارنىڭ ئىسپاتلىشىچە مۇسۇلمانلارنىڭ تېنى ساغلام بولۇپلا قالماستىن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگۈچىلەرمۇ كۆپ ئىكەن. 1982 - يىلى ئېلىپ بېرىلغان مەملىكەت بويىچە ئومۇميۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈشتە شىنجاڭدا 100 ياشتىن يۇقىرى ئۆمۈر كۆرگەنلەر 865 كە يەتكەنلىكى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ 802 نەپەر ئىكەنلىكى، نىڭشىيادا 100 ياشتىن يۇقىرى ئۆمۈر كۆرگەن 22 ئادەم ئىچىدە 21 نىڭ خۇيزۇ ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان. 1987 - يىلى دۆلەتلىك ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ مەملىكەت بويىچە ئومۇمي نوپۇسنىڭ بىر پىرسەنتىنى ئۈلگە ئېلىپ تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش ئەھۋالى (بۇ 60 ياشتىن .يۇقىرى ئۆمۈر كۆرگەنلەر ئىچىدە 80 ياشتىن ئاشقانلارنىڭ نىسبىتىنى كۆرسىتىدۇ) تەكشى ئەمەسلىكى بايقالغان. .بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار 12.61 پىرسەنتنى ئىگىلەپ ھەر قايسى مىللەتلەر ئىچىدە 1 - ئورۇندا، نىڭشىيادىكى خۇيزۇلار 10.12 پىرسەنتنى ئىگىلەپ 2 - ئورۇندا، خەنزۇلار 7.6 پىرسەنتنى ئىگىلەپ 10 - ئورۇندا تۇرىدىكەن.

ئۇنداقتا مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىدە قانداق سىر بار؟ مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەتقىق قىلىشىچە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇزۇن .ئۆمۈر كۆرۈشىدىكى ئاساسىي سەۋەب ئۇلارنىڭ ياخشى تۇرمۇش ئادىتى ۋە كۆكسى قارنىنى كەڭ تۇتۇشتەك پايدىلىق پسىخىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغانلىقىدا ئىكەن. ئومۇمەن مۇسۇلمانلار ئالدى بىلەن تازىلىققا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىدۇ. ئۇلار پاكىز يۇيۇلمىغان يېمەكلىكلەرنى، كىبەللىك بىلەن، يىقىلىپ ۋە سوقۇلۇپ ئۆلگەن ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يېمەيدۇ. يېمەكلىك ۋە ئىچىملىك تازىلىقىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ. سۇ ئەكىلىشتىن بۇرۇن قوللىرىنى پاكىزە يۇيىدۇ. چېلەكلەرنى پاكىزە جايغا قويىدۇ. بەدەننىڭ پاك بولۇشى مۇسۇلمانلار رىشايە قىلىشقا تېگىشلىك بولغان «پەرز». مۇسۇلمانلار ھەر قېتىملىق نامازدىن بۇرۇن قول، يۈز، ئېغىز، پۇت ۋە چوڭ - كىچىك تەۋرەتنى پاكىز يۇيۇپ تەرەت ئالىدۇ. ھەر جۈمە كۈنى بويىنى سۇغا سالىدۇ. ئەر - ئاياللار جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ھەر ئىككى تەرەپ بويىنى سۇغا سېلىپ پاكلىنىدۇ (كۆپىنچە ئائىلىلەردە بويىنى سۇغا سېلىشتا ئىشلىتىدىغان سەرەپ بار). ئەرلەر چۈش كۆرۈپ ئېھتىلام بولۇپ قالسا، ئاياللار ئاي كۆرگەندىمۇ ئوخشاشلا پۈتۈن بويىنى سۇغا سېلىپ پاكلىنىدۇ. سۇ قىس بولغان جايلاردا ئەرلەر سەرەپخانىلاردا، ئاياللار ئۆيدە يۇيۇنىدۇ.

ئىككىنچىدىن، مۇسۇلمانلار بالدۇر ئۇخلاپ سەھەر تۇرۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرگەن، ئۇلارنىڭ ناماز ئوقۇغان چاغدىكى تۈرلۈك بەدەن ھەرىكەتلىرى ناھايىتى رىتىملىق، پىكىر خىيالى مەركەزلەشكەن بولۇپ، سالامەتلىككە ناھايىتى پايدىلىق ئىكەن.

ئۈچىنچىدىن، مۇسۇلمانلار ھەر ۋاقىتلىق تاماقنى بەك تويغىچە يېيىشكە چەك قويىدۇ. شۇنداقلا تاماقنى يەپ بولۇپلا ئۇخلىۋالمايدۇ.

تۆتىنچىدىن، شۆھرەتپەرەسلىكنى مەنئى قىلىدۇ.

بەشىنچىدىن، ئاچكۆزلۈكنى يامان كۆرىدۇ.

ئالتىنچىدىن، ھاراق - تاماكىنى چەكلەيدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، مۇسۇلمانلارنىڭ تۇرمۇش ئۆرپ - ئادەتلىرىنىڭ كۆپىنچىلىرى ئىلمىيلىققا ئۇيغۇن بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ سالامەتلىكى ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىگە پايدىلىق ئىكەن.

(ئۆمەرجان ھەسەن .ت)

# ئامېرىكىدا مۇھەببەت ۋە توي

مۇراددىل

## دوست تۇتۇشتا ئەلچىنىڭ كېرىكى يوق

ئامېرىكا ياشلىرىنىڭ بىر - بىرى بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتى بىر قەدەر كۆپ بولغاچقا، قىز - يىگىتلەرنىڭ ئۆزئارا دوست بولۇشى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا ئەلچى قويۇشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇلار مۇھەببەتنى چوڭ بىلىدۇ، ئائىلە مەرتىۋىسىنى ئانچە چوڭ بىلىپ كەتمەيدۇ. قولۇم - قوشنا، ئەل - جامائەتمۇ بىراۋنىڭ سۆيگىنىنى ئاقكەن، كۆككەن دەپ باھالاپ ئولتۇرمايدۇ، قىز - يىگىتنىڭ بىر - بىرىگە كۆڭلى چۈشكەن بولسا، مەيلى ئەمەسمۇ دەپ قارايدۇ.

تويدىن ئىلگىرى، قىز - يىگىتنىڭ بويتاق دوستلىرى ئۇلار ئۈچۈن بىر قېتىملىق كەچلىك كۆڭۈل ئېچىش ئولتۇرۇشى ئۆتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ يېڭى تۇرمۇشىنىڭ باشلىنىشىنى مۇبارەكلەيدۇ. كەچلىك ئولتۇرۇشنىڭ ساھىپخانى ئۈچ-تۆت خىل قورۇما تەييارلايدۇ، ئولتۇرۇشقا قاتنىشىدىغان باشقا دوستلارمۇ ھەر خىل يېمەكلىكلەرنى ئالغاچ كېلىدۇ. كۆپچىلىك خۇشال-خۇرام غىزالانغاندىن كېيىن، بىرلىكتە تانسا ئوينايدۇ. بۇنداق ئولتۇرۇشقا كۆپ خىراجەت كەتمەيدۇ، ئەمما كەيپىيات ناھايىتى قىزغىن بولىدۇ. قىز - يىگىت توي قىلغاندا، يېقىن دوستلىرى ئانچە - مۇنچە سوۋغاتمۇ ئېلىپ كېلىدۇ، بىراق بەك قىممەت سوۋغاتلارنى ئەكەلمەيدۇ، ئادەتتە، چىنە - تەخسە قاتارلىق سوۋغاتلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئامېرىكىلىقلار سوۋغاتنىڭ قىممىتىنى چوڭ بىلىپ كەتمەيدۇ، بەلكى دوستلۇقنى چوڭ بىلىدۇ.

## توي «مەشقى»

ئامېرىكىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەردە نىكاھ دەرسى تەسىس قىلىنغان، بەزى مەكتەپلەردە بۇ دەرس ئۆتۈلگەندە، «توي مەشقى» ئۆتكۈزۈلىدۇ.

دەرس باشلىنىشتىن ئىلگىرى، ھەر بىر قىز ئوقۇغۇچى ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىن بىردىن «ئەر» تاللايدۇ، ئاندىن كېيىن، ھەر بىر جۈپ «ئەر - خوتۇن» تويلۇق كىيىملىرىنى كىيىپ، يېقىملىق مۇزىكا ساداسى ئىچىدە دەرسخانىدا «توي» مۇراسىمى ئۆتكۈزىدۇ. ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۇلاردىن سورايدىغان بىرىنچى سوئالى، سىلەر ئىككىڭلار ئۆزەڭلارنى بېقىش ئۈچۈن، بىرىڭلار ئالدى بىلەن بىر خىزمەت تېپىشىڭلار كېرەك، دېگەندىن ئىبارەت. چۈنكى، ئامېرىكىنىڭ ئۆرپ - ئادىتى بويىچە، پەرزەنتلەر 18 ياشقا تولغاندىن كېيىن، ئائىلىسى ئۇلارنىڭ تۇرمۇش خىراجىتىنى ئۈستىگە ئالمايدۇ. يۇقىرىقى سوئالغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن،



ئوقۇغۇچىلار گېزىت - ژۇرناللارغا بېسىلغان جىنايەتچى قوبۇل قىلىش توغرىسىدىكى ئېلانلارنى ئاقتۇرۇپ تېپىپ، ئۆزىگە لايىق كېلىدىغان جىنايەتلەرنى ئىزدەيدۇ.

ئىككىنچى سوئال، تۇرالغۇ تۈزىنى قانداق ھەل قىلىش مەسىلىسى. بۇنىڭغا قارىتا، «ئەر - خوتۇنلار» يەنە گېزىت - ژۇرناللاردىكى «تۈزىنى ئىجارىگە بېرىش» توغرىسىدىكى ئېلانلارنى كۆرۈپ، نەق مەيدانغا ئۆزى كۆرگىلى بارىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، نەرسە - كېرەكلەرنى قانداق سېتىۋېلىش، پۇلنى قانداق تاپلاش، تەسادىپىي ۋەقەلەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەر، شۇنداقلا جەمئىيەتكە تۇيغۇنلىشىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش قاتارلىقلار ئۈستىدە، ھەتتا «ئاجرىشىش» مەسىلىسى ئۈستىدىمۇ زۆرۈر بولغان «مەشىق» ۋە «مانېۋىر»لارنى ئېلىپ بارىدۇ. دەرسخانىدا ئۆگەنگەن بۇ بىلىملەر كېيىنكى تۇرمۇشتا تولارغا ئەسقېتىپ قالىدۇ.

## نىكاھ توختامى

ئامېرىكىدا، تۇرغۇنلىغان قىز - يىگىتلەر توي قىلىشتىن ئىلگىرى بىرلىكتە ئادۋۇكاتلار ئىش بېجىرىش ئورنىغا بېرىپ، «نىكاھ توختامى» تۈزىدۇ. توختامنىڭ مەزمۇنىنى بولسا، باشقا كىشىلەردىن مەخپىي تۇتىدۇ. ئىگىلىنىشىچە، توختامدا ئاساسلىقى پۇل ۋە مال - مۈلۈك توغرىسىدا ئېنىق ماددىلار يېزىلىدىكەن، بەزى توختاملاردا، تۇرمۇشتىكى چوڭ - كىچىك مەسىلەر توغرىسىدىمۇ تەپسىلىي بەلگىلىمىلەر چىقىرىلىدىكەن، مەسىلەن، قانچە بالىلىق بولۇش، ھەر ئىككىلەرنىڭ تۇرمۇش خىراجىتىنى كىم قانچىلىك ئۈستىگە ئېلىش، ئائىلىگە قانچە چاكار ياللاش، ئائىلىدىكى قايسى ئىشلارغا كىم مەسئۇل بولۇش ۋاھاكازالار. ھەتتا «ئاجرىشىش» مەسىلىسى توغرىسىدىمۇ مەخسۇس ماددا يېزىلىپ، كېيىن تالاش - تارتىش قىلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، تويدىن بۇرۇن ئېنىق ئىزاھلاپ قويۇلىدىكەن.

## يېڭى، كونا، ئارىيەت ۋە كۆك

ئامېرىكىلىقلار ئۆزلىرىنىڭ تويىدا «يېڭىلىق بار، كونىلىقمۇ بار، ئارىيەت ئېلىش بار، كۆك رەڭ بار» دېيىشىدۇ. «يېڭىلىق» دېگەندە، توي بولغان قىزنىڭ ئاق لىباسى كۆزدە تۇتۇلغان بولۇپ، بۇ، يېڭى ھاياتنىڭ باشلىنىشىدىن دېرەك بېرىدۇ. «كونا» دېگەندە، قىزنىڭ بېشىغا ئارتىدىغان ئاق لېچەكنى چوقۇم ئانىسى ئىشلەتكەن كونا لېچەك بولۇشى كېرەكلىكى كۆزدە تۇتۇلغان. بۇ، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆزىنى باققان مېھىر - شەپقىتىنى ئۇنۇتماسلىقنى ئىپادىلەيدۇ. «ئارىيەت» دېگەندە، قىزنىڭ يەنە بىر قىز دوستىدىن ئارىيەت ئېلىپ ئەكەلگەن ئاق ياغلىقى كۆزدە تۇتۇلغان، بۇ، دوستلار ئارىسىدىكى دوستلۇقنى ئۇنتۇپ قالماسلىقنى ئىپادىلەيدۇ. «كۆك» دېگەندە، قىزنىڭ ئۈستىگە ئارتىۋالغان كۆك لېنتىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، بۇ، قىزنىڭ مۇھەببەتكە سادىق بولۇشىغا سىمۋۇل قىلىنغان.

## پۇراق يوقىتىدىغان سىر

شۋېتسىيەدە يېقىندا پۇراق يوقىتىدىغان بىر خىل سىر كەشىپ قىلىنغان. بۇ خىل سىر سۇڭ-پىياز، بېلىق پۇرىقى، ئاشخانىدىكى بۇس، غىدىقلىغۇچى گاز پۇراقلىرىنى يوقىتىپلا قالماستىن، يەنە ئىشخانا، دەم ئېلىش ئۆيى، مېھمانخانا ۋە باشقا ئاممىۋى سورۇنلارنىڭ ھاۋاسىنىمۇ يېڭىلايدىكەن.

بۇ خىل سىردا بىر قەۋەت مىكرو تۆشۈكچە يابپېقۇچ قاتلىمى بولۇپ، ئۇ، ھاۋادا تارقىلىپ يۈرگەن تۈرلۈك پۇراقلارنى سۈمۈرۈۋالىدىكەن. سىر سۈمۈرۈۋالغان گاز ھالىتىدىكى ماددىلار ئاستا - ئاستا ئوكسىدلىشىپ پۇراقسىز ھورغا ئايلىنىدىكەن. ئادەم بەدىنىگە زىيىنى يوق بۇ خىل ھور نورمال ئالمىشىپ تۇرىدىغان ھاۋاغا ئارىلىشىپ كېتىدىكەن.

# خەت يېزىش قائىدىلىرى

ئەي، قاشلىرى سىيادەك ماھى تابان ئەسسالام،
بەھرىدە ئالىي نەپەسلىك دورى غىلمان ئەسسالام.

— مۇقىمى

خەت يېزىش يېزىق پەيدا بولغان دەۋردىن باشلاپ، تا ھازىرغىچە ئۆز ئەھمىيىتىنى بىر ئازمۇ يوقاتمىدى، ئىجتىمائىي ھايات روناق تاپقانسېرى ئۇنىڭ ئەھمىيىتى يەنىمۇ كۈچىيىپ بېرىۋاتىدۇ، چۈنكى خەت - ئالاقە ۋاستىسى بولۇپ قالماستىن، بەلكى تەپەككۇر تارازىسى بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ. شۇنداق ئىكەن ئۇ پىكىر بايانىنىڭ ئىلمىي ئۇسۇللىرىدىن بىرىدۇر. ئاۋاز چىقىرىپ ئېيتىلغان پىكىر قۇلاققا ئىشىتىلىدىغان گەپ بولسا، يېزىلغان پىكىر كۆزگە كۆرۈنىدىغان گەپتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن خەتكە ئېتىبار بىلەن قاراش تۇرمۇش زىننىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، لېكىن خەت يېزىشنىڭ قائىدە - قانۇنلىرى، ئۇسۇلى ۋە ئۇسلۇبى مەكتەپلەردە ئۆگىتىلمەيدۇ ياكى بىرەر قوللانمىنىڭ يوقلۇقى سەۋەبلىك ھەر كىم خەت يازىدىغان بولسا، ئۇنى ئۆزى بىلگەنچە يېزىۋېرىدۇ. بۇ ناھايىتى ياخشى بولدى دېگەن بىر كىشىنىڭ خېتىنى ئوقۇش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئەسلىدە قانداق پىكىرنى يورۇتۇپ بەرمەكچى بولغانلىقىنى بىلىۋېلىش ئانچە ئاسانغا چۈشمەيدۇ.

ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، خەت بىرەر ۋەقە توغرىسىدا خەۋەر بېرىدىغانلا ئىبارەت بولماي، بەلكى ئۆز مۇئەللىپىنىڭ ئىلمى، سىياسىي سەۋىيىسى، مەدەنىيەت ۋە ساۋاتلىق دەرىجىسىنى ھەمدە ئەتراپتىكى مۇھىت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى، ئۇندىن باشقا شۇ كىشىنىڭ دۇنيا قارىشىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدىغان كۆزنەك ھېسابلىنىدۇ. بىز بۇ يەردە قايسى خىلدىكى خەتنى قايسى ئۇسۇلدا يېزىش كېرەكلىكى توغرىسىدا ئۈلگە تۇرغۇزىمىز. ھەر بىر ئادەمنىڭ بېجىرىدىغان يازمىلىرى ئاساسەن ئىككى خىل بولىدۇ. شەخسىي خەتلەر ۋە رەسمىي خەتلەر. ھەر ئىككى خىلدىكى خەتلەرنىڭ ئۆزىگە خاس يېزىش قائىدىلىرى بار.

• شەخسىي خەتلەر. بۇنداق خەتلەرگە سېغىنىشلىق سالام، تەبرىكنامە، ئىمزاسىز خەت، خاتىرىنامە، ساباھەت خاتىرىسى ۋە ۋەسىيەتنامە قاتارلىقلار كىرىدۇ، ئەشۇلارنىڭ بىر - بىرى بىلەن بولغان پەرقىنى ۋە يېزىش قائىدىلىرىنى كۆرۈپ چىقىمىز.

سېغىنىشلىق سالام، شەخسىي خەتنىڭ ئاساسىي خىلى بولۇپ، سەپەرگە كەتكەندە، باشقا يۇرتتا ئىشلەۋاتقاندا، ئوقۇۋاتقاندا، ھەربىي خىزمەت ئۆتەش مەزگىلىدە ۋە باشقا ئەھۋاللاردا قېرىنداش ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، يار - بۇرادەرلىرى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان خەت - ئالاقىسىدۇر. ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ بىر - بىرىگە مۇھەببەت ئىزھار قىلىپ يازىدىغان



خەتلىرىمۇ شۇنداق. سېغىنىشلىق سالام خەت يېزىشنىڭمۇ قائىدىسى بولۇپ، ئۇلارنى بىلىۋېلىش بارلىق كىشىلەر ئۈچۈن زۆرۈردۇر.

ئاۋۋال خەت يېزىشتىكى مەقسەت ئۆزىنىڭ ساق — سالامەتلىكىنى، ھاياتىدا ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيىتىنى ياكى بەختسىزلىكىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە يىراقتىكى كىشىنىڭ ھال - ئەھۋالى توغرىسىدا خەۋەر بېرىشنى ئۈمىد قىلىشتۇر. شۇنداق ئىكەن، بۇنداق خەتنى سوزۇپ ئەزمىلىك قىلماسلىق دەسلەپكى قائىدە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇنى بەزىلەر بىلمىگىنى ئۈچۈن «... بىرىنچىدىن پالانچىغا سالام، ئىككىنچىدىن، پوستانچىغا سالام، ئۈچىنچىدىن، پۈكۈنچىگە سالام» دەپ بارلىق قېرىنداشلىرىنىڭ، قوشنىلىرىنىڭ، تونۇش - بىلىشلىرىنىڭ نامىنى بىرمۇبىر ساناپ چىقىدۇ - دە، بىر مۇنچە قەغەزنى بوياپ بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئاساسىي مەقسەتكە ئورۇن قالمايدۇ ياكى بۇ ھەقتە بىر - ئىككى ئۆزلا چالا سۆز قىلىنىپ قالىدۇ. مۇنداق خەت يېزىش مۇتلەق خاتا بولۇپ پىكىرنىڭ ئۆزەلىكىدىن دېرەك بېرىپ قويىدۇ. ئەسلىدە كىشىلەرنىڭ ئىسمىنى بىرمۇبىر ساناش شەرت ئەمەس، ئومۇملاشتۇرۇپ سالام دېيىلسە كۇپايە. نامىنى ئاتاش، يىراقتىكى ئادەم توغرىسىدا كۆپرەك خەۋەر تاپماق، ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قاراپ، خەتتە دېيىلىدىغان گەپلەر كۆپرەك ئەشۇ كىشىگە تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇش زۆرۈرىيىتى بولغاندىلا بولۇشى مۇمكىن. سالامنى خەتنىڭ بېشىدىمۇ، ئاخىرىدىمۇ ئېيتىشقا بولىدۇ. لېكىن خەتتىكى ئاساسىي مەقسەت ياخشى يېزىلغان بولۇشى كېرەك. ئاغزىغا كەلگەنچە خەت يېزىۋېرىش خاتا بولغاندەك، ئۆزلۈكىچە خەت يازماي يوقاپ كېتىشمۇ توغرا ئەمەس. خەت يېزىشىپ تۇرغانلار ئوتتۇرىسىدا بىردىنلا دېرەكسىز جىمىپ كېتىش، خەت يېزىش قائىدىلىرىنى بىلمىگەنلىكتىن بولىدۇ. خەت يېزىشقا يېڭى گەپ تاپالمىغان كىشى ئۈزۈلۈپ يازماي قويىدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا بىر تەرەپ: «نېمە ئۈچۈن خەت يازمايسەن» دەپ سورىسا، ئىككىنچى تەرەپ: «ۋاقتىم يوق» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

ئەسلىدە خەت يېزىش ئۈچۈن ۋاقىت تاپسا بولىدۇ، لېكىن پۇختا مەزمۇن، ئىشەنچلىك پاكىت، ياخشى خەۋەر، يېڭى گەپ ھەمدە راۋان ئۇسلۇب تېپىشنىڭ ئۆزىمۇ ئانچە ئاسان ئەمەس. يۇقىرىقىدىن باشقا خەت يېزىش قائىدىلىرىدىن يەنە بىرى: — ئۇنى بىكاردىن بىكار شۇنداقلا يېزىپ قويماستىن، بەلكى ھەر ئىككىلا تەرەپنى قىزىقتۇرىدىغان بىرەر ۋەقە سادىر بولغاندا، خۇش - خەۋەر يەتكۈزۈش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغاندا، مۇھىم بىرەر ئىلتىماسنى بىجا كەلتۈرۈش مۇمكىن بولغاندا ۋە سېغىنغاندا يېزىلىدۇ، چىرايلىق گەپلەر بىلەن خۇش مۇئامىلىلىككە رىئايە قىلىشمۇ خەت يېزىش قائىدىلىرىگە كىرىدۇ. خەتتە كىنايە، دارىتما، قوپال، شەخسكە تېگىپ كېتىدىغان، كۆڭۈلگە ئېغىر كېلىدىغان گەپلەرنى ئەسلا ئىشلەتمەسلىك كېرەك. چۈنكى خەتنىڭ ئۆزى ھۆججەتتۇر. سۆيگۈ ئىزھار قىلىنىدىغان خەتلەرنى يېزىشتا سىرنى ساقلاش تەلەپ قىلىنىدۇ، مۇھەببەت مەكتۇبىنى بۈگۈن ئويلاپ، ئەتىسى يېزىپ، ئىندىسى ئەۋەتىش كېرەك. چۈنكى بۇنداق مەكتۇپ ناھايىتى پۇختا بولمىسا، كېيىن ئادەمنى ئىزاغا قويۇشى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس. يازغان خەتنى بىرلا ئادەم ئوقۇيدۇ دەپ ئويلىماسلىق كېرەك، قائىدە بويىچە، مۇھەببەت مەكتۇپىنى ناھايىتى ئېھتىيات قىلىپ ساقلاش ۋە مۇناسىۋەتلىك بولمىغان كىشىلەرگە ئوقۇتماسلىق كېرەك. لېكىن قائىدىنى بىلمىگىنى ئۈچۈن ئايرىم قىزلار ئۆز ساۋاقداشلىرىغا، يىگىتلەر بولسا دوستلىرىغا ئوقۇپ بېرىدىغان ئەھۋاللار ئۇچراپ تۇرىدۇ، بۇ خاتا. مۇبادا ئوتتۇرىدا سۆيگۈ يىپلىرى ئۈزۈلۈپ قالغۇدەك بولسا، ھەر ئىككىلا تەرەپ مەكتۇپلارنى قايتۇرۇپ بېرىشلىرى كېرەك. مۇھەببەت مەكتۇپىنى يازغاندا مۇئەللىپ ئۆزى قايتا - قايتا ئوقۇپ، تەكشۈرۈپ، تەھرىر قىلىپ، كۆچۈرۈپ يېزىپ بولغاندىن كېيىن ئەۋەتىش كېرەك. يەنە قائىدە شۇكى بۇنداق مەكتۇپنى خاپا ھالەتتە، مەست بولغاندا، ئەسەبىيلەشكەن

كۈنلەردە ئەسلا يازماسلىق كېرەك. چۈنكى بۇنداق روھىي ھالەتلەردە، ئادەم ئۆز سۆيگۈسى توغرىسىدا، كۆڭلى پاراكەندە بولغانلىقتىن چوڭقۇر مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ يازالمايدۇ، سۆيگۈ مەكتۇپىنى ئىنسانغا خاس بىر روھىي ھالەتتە يېزىش كېرەككى، ئاخىر بىر كۈنى ئۆزى يازغان مەكتۇپتىن تېنىۋالمايدىغان بولسۇن. يەنە بىر قائىدىدە خەتتە ئۆز ئاغزى بىلەن ئېيتىش مۇمكىن بولمىغان سۆزلەرنى يېزىشمۇ خاتادۇر.

• تەبرىكنامە. دوستلارنى، كەسىپداشلارنى، قېرىنداش، ئۇرۇق - تۇغقانلارنى بايراملار مۇناسىۋىتى بىلەن، توي قىلغانلىرىدا، پەرزەنت كۆرگەنلىرىدە، مۇكاپاتلانغانلىرىدا تەبرىكلەپ، يېزىپ ئەۋەتىلىدىغان كىچىك مەكتۇپ. تەبرىكنامىنى تەشكىلىي ئورۇن ئەۋەتسە ئۇ رەسمىي خەتكە ئايلىنىدۇ. شەخسىي تەبرىكنامە، ئاترىتكىلاردا، تېلېگراممىلاردا ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. تەبرىكنامە يېزىشتىكى مەقسەت ئىللىق - ئىلتىپاتلىق سۆزدىن تۈزۈلگەن بىر ياكى ئىككى جۈملە ئارقىلىق كىشىنىڭ خۇشاللىقىنى كۈچەيتىش ۋە ئۇنىڭ باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئېتىبارلىق ئىكەنلىكىنى تونۇتۇش ئۈچۈندۇر. تەبرىكنامە ئۈچۈن ئاترىتكا تاللانغاندا رەسىملەرنىڭ تەبرىك سۆزىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان، كەلمەيدىغانلىقىغا قاراش كېرەك، ئالايلۇق 1 - يانۋار، 8 — مارت، 1 - ماي ۋە باشقا ساناقلىق بايراملارنىڭ ھارپىسىدا شۇ بايراملارغا بېغىشلىنىدىغان ئاترىتكىلار كۆپلەپ نەشر قىلىنىدۇ، شۇنىڭدەك توي ۋە تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلەشتە تەبرىك سۆزى يېزىلغان مەخسۇس ئاترىتكىلارمۇ بولىدۇ. تەبرىكلەش قائىدىسى ياخشى ئىستەك ھەمدە تىلەكلەرنى پۇختا ۋە قىسقا سۆزلەر بىلەن بايان قىلىشتۇر.

• تەزىيەنامە. يېقىن كىشىلەرنىڭ بېشىغا كۈلپەت چۈشكەندە، ئالايلۇق ئۆلۈم ھادىسىسى يۈز بەرگەندە يىراق جايدىن ۋاقتىدا يېتىپ كېلىپ بولالمىغاندا ئەۋەتىلىدىغان تەزىيە خېتى. تەزىيەنامە يېزىشتىكى مەقسەت مۇناسىۋەتلىك كىشىنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈش، خاپىلىقىغا ھەمدەرد بولۇش، تەسكىن تېپىش ئۈچۈن ياردەم بېرىش، چۈشكۈنلىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئىلھام بېرىش يالغۇز ئەمەسلىكىنى ئەسكەرتىشتىن ئىبارەت. لېكىن كۆڭلىنى كۆتۈرىمەن دەپ كۈلدۈرىدىغان سۆزلەرنى يېزىشقا بولمايدۇ. بەلكى چوڭقۇر قايغۇلۇق سۆزلەر بىلەن كۆڭلى ئىزھار قىلىنىدۇ.

• كىچىك خەت (زاكىسكا). بىراۋغە ھاجىتى چۈشكەندە ئىلتىماسىنى بىجىرىپ بېرىشنى ئۈمىد قىلىپ يېزىلىدىغان خەتچە. مەسىلەن «ھۆرمەتلىك ئا! بۇ خەتنى ئېلىپ بارغان يىگىتتىن مەن سورىغان كىتابنى ئەۋەتىپ بەرسىڭىز. سالام بىلەن ب».

يىغىنلاردا بېرىلىدىغان يازما سوئاللار ۋە ئىلتىماسلارمۇ خەتچە ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئاساسەن بىر ۋە ئىككى جۈملىدىن ئىبارەت بولغانلىقى ئۈچۈن يېزىلىدىغان قەغىزىمۇ كىچىك بولۇشى كېرەك، بىر بۇرجەكتىن ئازراق يىرتىپ خەتچە يېزىش مۇۋاپىق ئەمەس. چۈنكى بۇ پەرۋاسىزلىقنى بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن خەتچە خاتىرىنىڭ ۋارىقىغا ياكى مەخسۇس كېسىلگەن قەغەزچىگە يېزىلىدۇ ۋە ئوچۇق، ئېنىق ئىمزا قويۇلىدۇ، خەتچىنى كونۋېرتقا سالماستىن قاتلاپ بىرسىگە ھاۋالە قىلسا بولۇۋېرىدۇ.

• ئىمزاسىز خەت. قائىدە بويىچە بارلىق شەخسىي ۋە كوللېكتىپ نامىدىكى خەتلەرگە ئوچۇق ۋە يېپىق ئىمزا قويۇلىدۇ. مۇۋاپىق بولغاندا مۇئەللىپنىڭ ئادرېسىمۇ يېزىپ قويۇلىدۇ. لېكىن شەخسىي خەتلەر ئارىسىدا شۇنداقلىرىمۇ ئۇچرايدۇكى، ئۇنى يازغان ئادەم ئۆزىنى يوشۇرىدۇ. ئىسمىنىمۇ، ئادرېسىنىمۇ يازمايدۇ. بۇنداق خەت لاتىنچە «   » دېيىلىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى ئىگىسىز، مۇئەللىپى نامەلۇم دېگەنلىك بولىدۇ. تەربىيە كۆرگەن، مەسىلىلەرنى ئەتراپلىق ئويلىنالايدىغان، بىلىملىك، ۋىجدانلىق ۋە شىجائەتلىك ئادەم ھېچقاچان ئىمزاسىز خەت يازمايدۇ. بۇنداق خەتنى ئادەتتە كۆڭلى قارا، زىددىيەت ساقلايدىغان، باشقىلارنى كۆرەلمەيدىغان، پرىنسىپسىز، قورقۇنچاق، ھەسەتخور، بېخىل ۋە يالغانچى كىشىلەر يازىدۇ. ئىمزاسىز خەت

يېزىشتىكى مەقسەت بىراۋلارغا يامانلىق قىلىشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق خەتنىڭ مەزمۇنى كۆپىنچە قۇرۇق تۆھمەتتىن ئىبارەتتۇر.

ئەلۋەتتە، ھاياتىمىز، خىزمەتتىمىز ئاز - تولا خاتالىقلارغا يول قويۇلىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا، ئەگەر زۆرۈر بولسا، بۇنى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا مەلۇم قىلىش ھەر بىر كىشىنىڭ پۇقرالىق بۇرچى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنى مەلۇم قىلغان ئادەم ئەلۋەتتە كىم ئىكەنلىكىنى، ئادرېسىنى ياكى خىزمەت ئورنىنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەك. ئەگەرچەندە يازغان پاكىتى يالغان بولۇپ چىقسا ئۇنىڭ مۇئەللىپى تۆھمەت قىلغانلىقى ئۈچۈن جاۋابكار بولۇشى كېرەك. ئىمزاسىز خەتنى بەزىلەر «ئۇچلاق خەت» دەپمۇ ئاتايدۇ. يازىدىغانلار ئەنە شۇنداق جاۋابكارلىقتىن قورقۇپ، يوشۇرۇنىدۇ. لېكىن كرىمىنالىستىكا ئىلمى تەكشۈرۈپ ئىمزاسىز خەتنىڭ قەغىزىدىن، سىياسىدىن، ھەرپـ-لىرىنىڭ تۈزۈلۈشىدىن (ماشىنكىدا ئۇرۇلغان بولسىمۇ) ئۇسلۇبى ۋە ۋاھاكازالاردىن مۇئەللىپىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ يېشىنى، سەۋىيىسىنى، ھەتتا جىنسىنىمۇ ئېنىقلاپ بېرىدۇ.

• كۈندىلىك خاتىرە. خەتنىڭ بۇ خىل تۈرىدىن كۆپىنچە يازغۇچىلار، ژۇرنالىستلار پايدىلىنىدۇ، لېكىن بۇنى ھەممە كىشى قىلىشى لازىم. كۈندىلىك خاتىرە ئۇنىڭ شتىكى مەقسەت، شەخسىي تۇرمۇشتا، جەمئىيەتتە يۈز بېرىپ تۇرىدىغان ۋەقە ۋە ھادىسىلەرنى ئېنىق سانى بىلەن خاتىرىلەپ قويۇشتۇر. ئۇ كۈندىلىك خاتىرە دەپ ئاتالسىمۇ، ھەر كۈنى يېزىش شەرت ئەمەس. ئەڭ مۇھىم ۋە قىزىقارلىق دەپ قارىغان ۋەقەلەر ھەپتىدە، ئايدا بىرەر قېتىم يېزىپ قويۇلسا كۇپايە.

كۈندىلىك خاتىرە ئۈچۈن ئۇتتۇلغان خاتىرە دەپتەر تولۇپ قالسا كېيىنكىسى ئۇتتۇلىدۇ، بۇ كېيىنچە ئەسلىمە يېزىشتا كۆپ ئەسقاتىدۇ. شۇنداق ئىكەن كۈندىلىك خاتىرە ھەقىقىي راستچىللىق ئاساسىدا يېزىلىشى، پاكىتلار، ۋەقەلەر كۆپتۈرۈلمەسلىكى لازىم. كۈندىلىك خاتىرىدە ۋەقە ۋە پاكىتلار ئومۇملاشتۇرۇلىدىغان بولسا، بۇ ھەقتە ئېلىپ بېرىلىدىغان مۇلاھىزە ئوبيېكتىپ ھەقىقەتنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بولۇشى شەرت.

• ساياھەتنامە. ئۇز نامىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرغۇ-نىدەك، ساياھەتنامە ساياھەتكە چىققاندا كۆرگەن ۋە قىلغانلىرىنى بىر خىل تەرتىپتە يېزىپ مېڭىش ۋە شۇنىڭغا ئۆزىنىڭ قارىشىنى يېزىپ چىقىشقا قارىتىلغان خەتنىڭ تۈرىدۇر. ساياھەتنامە باشقىلارغا ھېكايە قىلىپ بېرىش ئۈچۈن، ياكى بىرەر ئىلمىي بەدىئىي ئەسەر يېزىش ئۈچۈن لازىم بولىدۇ.

• ۋەسىيەتنامە. بۇ ياشانغان ۋە كېسەل كىشىلەرنىڭ پەرزەنتلىرىگە يېزىپ قالدۇرىدىغان ئومىد - نەسىھەتى، مىراسلىرىدىن ئۇلارنىڭ قانداق پايدىلىنىش لازىملىقى توغرىسىدىكى ئارزۇسى ئىزھار قىلىنغان شەخسىي خەت بولۇپ، گۇۋاھچىلارنىڭ قاتنىشىشى بىلەن ئىمزا ۋە مۆھۈر بىلەن پۈتۈلگەن بولسا رەسمىي خاراكتېرگە ئىگە بولىدۇ.

• رەسمىي خەتلەر. بۇنداق خەتلەر شەخس تەرىپىدىن يېزىلىپ، كوللېكتىپ نامىدىن سۆزلەنگەن بولسا ۋە شۇ كوللېكتىپ تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان بولسا، بۇ كوللېكتىپ نامىدىكى خەت بولىدۇ. بۇنىڭغا ئىلتىماس، تىلخەت تونۇشتۇ-رۇش خېتى، ئىزاھنامە، شەرتنامە قاتارلىقلار مىسال بولالايدۇ.

• ئىلتىماس. ئوقۇشقا ۋە ئىشقا كىرىشتە، پارتىيە ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا ۋە كەسپىي ئورۇنلارغا، ئىلمىي ۋە ئىجادىي خىزمەتچىلەرنىڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىنىشتا مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار ۋە رەھبەرلەرنىڭ نامىغا شۇ ھەقتە ئىلتىماس قىلىپ يېزىلغان خەت ئىلتىماس دەپ ئاتىلىدۇ. ئىلتىماس بىرەر ئىدارىدىن ماددىي ياكى مەنىۋى ياردەم سورالغاندا ياكى ئىشتىن بوشىنىپ كېتىش ئالدىدا يېزىلىدۇ. شۇنىڭدەك جىنايى ۋە گراژدانلىق ئىشى بىلەن رېفورمىيە، تەپتىش، سوت قاتارلىق ئورۇنلارغا ئىلتىماس (ئەرز) ئارقىلىق مۇراجىئەت قىلىدۇ.

ئىلتىماس رەسمىي خەت ياكى ھۆججەتنىڭ بىر تۈرى بولغىنى ئۈچۈن ئۇنى مەخسۇس شەكىللىك ئاق قەغەزگە پەقەت سىيا بىلەن قولدا يېزىلىدۇ.

(نەشرگە تەييارلىغۇچى: قۇربان توختى)

# ئالتۇن ۋه ئۇنىڭ شىپالىق رولى

ئالتۇن تىلغا ئېلىنسىلا كىشىله رنىڭ كۆز ئالدىغا هه ر خىل قىممه تلىك زىبۇ ـ زىننه تله ر كېلىدۇ. ده رۋه قه، ئالتۇندىن هه ر خىل ئېسىل زىبۇ ـ زىننه ت ياسىغىلى بولىدۇ. بۇ هه ممه يله نگه ئايان، بىراق، ئالتۇننىڭ شىپالىق رولى كىشىله رگه ئانچه تونۇش بولمىسا كېره ك. بىز بۇ يه رده ئالتۇننىڭ بۇ خۇسۇسىيىتىنى كىتابخانلارغا قىسقىچه تونۇشتۇرۇپ ئۆته يلى.

ئۇيغۇر تېبابه تچىلىكىده ئالتۇن مۆتىدىل ئىسسىققا مايىل. ئۇ كۆڭۈلنى ئېچىش، يۈره كنى قۇۋۋه تله ش، جىگه رنى قۇۋۋه تله ش، به ده ندىكى ته بىئي قىزىقلىقنى قۇۋۋه تله ش، ئه قىلنى، زېهىننى ئۆتكۈر قىلىش خۇسۇسىيه تلىرىگه ئىگه ده پ تونۇشتۇرۇلىدۇ.

ئالتۇننى قائىده بويىچه مۇۋاپىق هالدا ئىشله تسه، يۈره ك، مېڭه، ئۆت، ئاشقازان، جىگه ر، ئال، بۆ-ره ك، دوسۇن كېسه للىكلىرىگه، باهقا مه نپه ئه ت قىلىدۇ. نېرۋا ۋه سۆۋه سى (هه ر خىل ئورۇنسىز خىياللارنى قىلىش)، ته نهالىقنى خالاش، سه ۋه بسىز غه م ئه ندىشىده بولۇش، باش ئايلىنىپ بىهۇش بولۇشقا ئوخشاش سه ۋدا، سه پرا خاراكتېرلىكله رگه پايدا قىلىدۇ. هه رتورلۇك بوۋاسىر ئۈچۈن پايدا قىلىدۇ، به ده ننى سه مرىتىدۇ. ئالتۇننى ته نها ئىشلىه تسه ياكى به سپايه ج، كامازه رىيۇسلارغا ئوخشاش دورىلار بىله ن قوشۇپ ئىشلىه تسه ماخاۋ كېسه للىكىگه پايدا قىلىدۇ. ئالتۇن پوقىنى مه رۋايىت بىله ن قوشۇپ پورتىخال سۈيىده ئېزىپ، مۇۋاپىق هالدا ئىشلىه تسه يۇقىرىقى كېسه لله ر ئۈچۈن، قان خاراكتېرلىك تولغاق، ئىچ ئۆتۈش ماخاۋلارغا پايدا قىلىدۇ. نوشادىر بىله ن ئېزىپ ئىشلىه تسه زه هه رنى به ده ندىن چىقىرىشقا پايدىلىق. ئالتۇندىن سۈرمه تارتىدىغان چوكا قىلىپ، كۆزگه سۈرمه تارتسا كۆزنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىنى زىياده قىلىدۇ، كۆز ئاغرىقىنى په سه يتىدۇ. سۇنۇن قىلىپ چىشقا سۈركىسه چىش ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ. ئالتۇننى ئېغىزدا تۇتسا ئېغىزدىكى سېسىقلىقنى يوقىتىدۇ. ئالتۇننى يۇمشاق ئېزىپ گۆشخور جاراهه تكه چاپسا پايدا قىلىدۇ. ئالتۇننى ئوتتا ئاۋلاپ سۇدا ئوچۇرۇپ سۈيىنى ئىچسه به ده ننىڭ ته بىئي قىزىقلىقىنى قۇۋۋه تله يدۇ، يۈره كنى، ئاشقازاننى قۇۋۋه تله يدۇ.

ئالتۇننى به ك يۇمشاق سىلايه قىلىپ، باشقا نه رسه قوشماستىن، بولۇپمۇ زه هىرى بار دورىلارنى قوشماستىن ئىچسه ته ن سالامه تلىكنى ساقلايدۇ، ئۆمۈرنى ئۇزۇن قىلىدۇ، سه ۋدادىن په يدا بولغان كېسه لله رنى يوقىتىدۇ. ئاخىرىدا شۇنى ئه سكه رتىپ ئۆتىمىزكى، ئالتۇندىن دورا ياسىغاندا ۋه ئۇنى ئىستېمال قىلغاندا ئه ڭ ياخشىسى تېۋىپنىڭ مه سلىهه تىنى ئېلىش ۋه تېۋىپنىڭ رېتسېپى بويىچه ئىشلىتىش كېره ك.



## ئىبلىمىزدىكى بىر نەچچە كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ چەت ئەلچە نامى

«سۇ بويىدا» ئىنگلىزچىدە «دەريا بويىدا يۈز بەرگەن ھېكايە»، «غەرىبكە ساياھەت» ئىنگلىزچە ۋە غەربىنىڭ ئەدەبىي كىتابلىرىدا «مايمۇن»، «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» رۇسچىدا «قىزىل رەڭلىك راۋاقتىكى چۈش»، «لياۋجەي رىۋايەتلىرى» ئىسپانچىدا «يولۋاسنىڭ مېھمان بولۇشى»، «ھۆر - غىلمانلار قىسمىتى» رۇسچىدا «ئەينەكتىكى نىكاھ قىسمىتى» دەپ تەرجىمە قىلىنغان. (قەيسەر .ت)

## ياقۇتنىڭ ئادەم بەدىنىگە زىيىنى بار

ياقۇت كىشىلەر كۆزىدىلىك تۇرمۇشتا زىبۇ-زىننەت قاتارىدا ئىشلىتىشنى ياخشى كۆرىدىغان ۋە يەنە يىغىپ ساقلايدىغان قىممەتلىك بۇيۇم دەپ قاراپ ئۇنىڭ ئادەم بەدىنىگە زىيانلىق رادىئاتسىيە چىقىرىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. يېقىندا ئامېرىكىدا بىرازىلىيىدىن كەلتۈرۈلگەن ياقۇتلارنىڭ تەركىبىدە ھەددىدىن ئارتۇق رادىئاتسىيىنىڭ بارلىقىنى بايقىغان بولۇپ، ئۇ ئادەم بەدىنىنىڭ بەرداشلىق بېرىش چەكلىمىسىدىن ئېشىپ كەتكەن.

## تۇزنىڭ شىپالىق رولى

ئەتىگەندە بىر ئاز تۇز سېلىنغان سۇدا كۆزنى يۇيۇپ بەرسە، كۆزدە بولىدىغان بىرىكتۇرگۈچ پەردە ياللۇغى، ئىراخوما قاتارلىق كېسەللەرنى داۋالىغىلى بولىدۇ. يۇيۇنغاندا سۇغا ئازراق تۇز قوشۇۋەتسە، تېرە كېسەللىكلىرىنى داۋالىغىلى بولىدۇ.

باش ئاغرىغان ۋاقىتتا، تۇز سۈيى بىلەن باشنى سۈرتسە ياكى تۇز سېلىنغان قايناقسۇ ئىچىۋەتسە، باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

چىشى چۈشۈپ، قان چىقىپ كەتكەن ۋاقىتتا، ئېغىزنى تۇزلۇق سۇ بىلەن چايقىسا، قان دەرھال توختايدۇ.

كۆڭۈل ئېلىشىپ، ھەزىم قىلىش ياخشى بولمىغاندا، ئازراق تۇز سۈيىنى ئىچىۋەتسە، ھەزىم قىلىشنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ.

ئىچىش ئۈچۈن دەملەنگەن چايغا بىر ئاز تۇز قوشۇپ قويسا، ئۇسسۇزلۇقنى باسىدۇ. بوغۇز ياللۇغىنى يېنىكلىتىدۇ ۋە ئاپتاپ ئۆتۈشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

ناخشا ئېيتىشتىن بۇرۇن، بىر ئاز تۇزلۇق قايناقسۇ ئىچىۋالسا، گال قۇرۇپ، ئاۋاز بوغۇلۇپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

ئىسسىق تۇز سۈيى بىلەن ئۇششۇك يارىسىنى يۇيۇپ بەرسە، قىچىشىشنى توختىتىدۇ.

يېمەكلىكتىن زەھەرلەنگەندە، تۇزلۇق قايناقسۇ ئىچىۋەتسە، زەھەرنى قايتۇرىدۇ.

قورساق قىسمىغا سوغۇق ئۆتۈپ كەتكەندە، يېرىلىك تۇزنى قورۇپ قىزىتىپ، رەختتىن تىكىلگەن خالتىغا سېلىپ، قورساققا ئىسسىق ئۆتكۈزگەندە، سوغۇقنى تارقىتىپ، ئاغرىقنى توختىتىدۇ.

پىيادىگەننىڭ يىلتىزى بىلەن تۇزنى ئېزىپ چىشنىڭ ئاغرىغان يېرىگە سۈۋىسا، ئاغرىق توختايدۇ، ئۇششۇپ قالغان يەرگە سۈركىسە، ئۇششۇك يارىسىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

قۇرۇت (سېرىق ئېشەك، سەكسەن پۇت قاتارلىق) چېقىۋېلىپ زەخملەندۈرگەندە، دەرھال قويۇق تۇز سۈيى بىلەن يۇيۇۋەتسە، ياللۇغنى قايتۇرۇپ، ئىششىقنى ياندۇرىدۇ، زەھەرنى قايتۇرۇپ، ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ.

سەھەردە ئورنۇڭدىن تۇرغاندىن كېيىن، بىر ئىستاكان تۇز سېلىنغان قايناقسۇ ئىچىۋەتسە، چوڭ تەرەتنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

كۆكىرىپ بۇزۇلغان تاماق - سەيلەرنى ۋە چىرىغان بېلىقنى يەپ سالغاندا، دەرھال تۇز سېلىنغان قايناقسۇنى ئىچىۋەتسە، يېگەن نەرسىلەرنى ياندۇرۇپ، تاماقتىن زەھەرلىنىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئەگەر يېگەن نەرسىلەر دەرھال يېنىپ كەتمىسە، ئارقا - ئارقىدىن بىر نەچچە قېتىم ئىچىۋەتسىمۇ بولىدۇ.

دائىم تۇز سېلىنغان سۇ بىلەن باشنى يۇيۇپ بەرسە چاچ چۈشۈشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ ياكى ئازايتىدۇ.

(ئالىيە .ت)

## تۆت ياشلىق ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى

جەنۇبىي چاۋشيەنلىك جىلك شىۋگىرۇڭ تۇغۇلۇپ 100 كۈندىن كېيىن گەپ قىلالىغان. بەش ئايلىق بولغاندا بىر قىسىم ھاياۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ نامىنى ئاتاشنى بىلگەن. سەككىز ئايلىق بولغاندا ئوقۇشقا كىرگەن، ئىككى - ئۈچ ياشتىلا مەلۇم دەرىجىدە ئىنگلىزچە ۋە نېمىسچە تاق سۆزلەرنى ئىگىلىگەن، ماتېماتىكا جەھەتتىمۇ ئادەتتىن تاشقىرى قابىلىيىتى بار ئىكەن. تۆت ياش ۋاقتىدا ئالىي مەكتەپكە كىرگەن بولۇپ، ئەڭ كىچىك ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ھېسابلىنىدىكەن.

(ئابدۇكېرىم .ت)

## ئەڭ كىچىك مۇتەخەسسىس

بۇ يىل ئالتە ياشقا كىرگەن ياپونىيىلىك قىزچاق شەنخۇا شىۋجېن نۆۋەتتە دۇنيادىكى ئەڭ كىچىك رادىئو قوبۇللىغۇچ مۇتەخەسسىسى ھېسابلىنىدىكەن. ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى بىلىمى يۇقىرى فىزىكا ئالىمى ئىكەن. بۇ قىز تۇغما قابىلىيەتلىك بولۇپ، يېڭى تىلى چىققاندىن باشلاپ ئاتا - ئانىسىدىن تەلىم ئالغان. بۇ يىلدىن باشلاپ جەنۇبىي سانائەت ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ، دۇنيا بويىچە يېشى ئەڭ كىچىك ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ قالغان.

(ئابدۇكېرىم .ت)

## تۇنجى بانكا قانۇنى

شىۋېتسارىيىنىڭ «بانكا مەخپىيەتلىكىنى ساقلاش قانۇنى» 1934 - يىلى تۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ غەربتىكى تۇنجى بانكا قانۇنىدۇر.

«بانكا مەخپىيەتلىكىنى ساقلاش قانۇنى»دا ئامانەت قويغۇچىلار مۇتلەق مەخپىي تۇتۇلىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن. بانكا مەخپىي ئامانەت قويۇش رەسمىيىتىنى بېجىرگەندە پەقەت 2 — 3 كىچە يۇقىرى دەرىجىلىك خىزمەتچىلەر بىلەنلا چەكلىنىدۇ، باشقا خىزمەتچىلەرنىڭ بۇنىڭغا ئارىلىشىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. قانۇندا يەنە، ھەر قانداق چەت ئەللىك ۋە چەت ئەل ھۆكۈمىتى، ھەتتا شىۋېتسارىيە پادىشاھى ۋە ھۆكۈمەت باشلىقى ھەم سوت ئورگانلىرىنىڭ شەخسلەرنىڭ شىۋېتسارىيە بانكىسىغا قويغان ئامانىتىگە ئارىلىشىۋېلىش، تەكشۈرۈش ۋە بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقى بولمايدۇ. ئامانەت قويغۇچىنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى ئىسپاتلايدىغان پاكىت بولسا بۇ ئۇنىڭ سىرتىدا دەپ بەلگىلەنگەن.

«بانكا مەخپىيەتلىكىنى ساقلاش قانۇنى» يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، زور مىقداردىكى چەت ئەل مەبلىغى شىۋېتسارىيىگە ئېقىپ كىردى. بولۇپمۇ بىر قىسىم دۆلەتلەردىكى ھاكىم مۇتلەقلەر شىۋېتسارىيە بانكىلىرىنى ناھايىتى بىخەتەر دەپ نۇرغۇن مىقداردىكى پۇللىرىنى بۇ دۆلەتكە ئەكىرگەن. 2 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، گېرمانىيە فاشىستلىرى زور تۈركۈمدىكى يەھۇدىيلارنى قىرغىن قىلغان. ئۇلار ئارىسىدا ئاز بولمىغان داڭلىق بايلارمۇ بار ئىدى. ئۇرۇشتىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بالا - چاقىلىرى ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ئەسلىدىكى بانكا ھېسابات نومۇرىنى بىلمىگەچكە پۇلنى ئېلىشتا پەقەتلا ئامالسىز قالغان. بانكىلارنىڭ مۆلچەرلىشىچە، ھازىر دۇنيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ شىۋېتسارىيە بانكىلىرىغا قويغان ئامانەت پۇلى 100 تىرىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىدىكەن. بۇ شىۋېتسارىيە ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ياخشى شارائىت ھازىرلاپ بەرگەن.

## مەجبۇرىي ياتلىق قىلىش

ھاۋاي تاقىم ئاراللىرىنىڭ جەنۇبىدىكى ئالتۇن - كۈمۈش ئارىلىدا بىر خىل ئالاھىدە قانۇن يۈرگۈزۈلگەن. يەنى 16 ياشقا توشقانلىكى قىزلار چوقۇم تېزدىن توي قىلىشى كېرەككەن، بولمىسا جازاغا تارتىلىدىكەن. بۇنداق قانۇننى بېكىتىشتىكى سەۋەب، بۇ ئارالدا ئەرلەر كۆپ، ئاياللار ئاز، ئەرلەرنىڭ لايىق تېپىشى تەس ئىكەن. ئەكسىچە بۇ جايدىكى قىزلار كېچىكىپ توي قىلىشنى ياخشى كۆرىدىكەن. شۇڭا ئارال ئاھالىسىنىڭ بارغانسېرى ئازىيىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

(ئابدۇكېرىم .ت)

# زامانىمىزدىكى بىر دادىنىڭ

## ئوغلىغا قىلغان نەسىھىتى

1992 - يىلى ئامېرىكىدا كەڭ بازار تاپقان «تۇرمۇشىڭىزغا كىچىككىنە مەسلىھەت» ناملىق كىتابتا: دادا بولغۇچى خ. جېكسون راگىنىڭ ئالىي مەكتەپكە كىرىش ئالدىدا تۇرغان ئوغلىغا بەرگەن 511 تۈرلۈك نەسىھىتى بايان قىلىنىدۇ، بۇ ماقالىنى نەشرگە تەييارلىغۇچى گېرمانىيىنىڭ «رەھبەر» ناملىق رەسىملىك ژۇرنىلىدىن ئۇنىڭ بەزى ماددىلىرىنى كۆچۈرۈپ قويۇپ تاللاپ كىتابخانلارغا سۇندى، بۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. ماشىنىڭ ئەڭ ئەرزىنىنى سېتىۋال؛ ئۆينىڭ ئەڭ ياخشىسىنى سېتىۋال — ئىقتىسادىي ئەھۋالىڭ يار بەرگەن ئەھۋالدا.

2. دوستلۇرۇڭنى تاشلىۋەتمە.

3. قىز دوست تاللىغاندا قاتتىق ئېھتىياتچان بول، چۈنكى ئۇ سېنىڭ بۇنىدىن كېيىن بەختلىك بولۇش - بولماسلىقىڭدا 90 پىرسەنت رول ئوينايدۇ.

4. ھەر كۈنى 30 مىنۇت ۋاقىت چىقىرىپ پىيادە يول يۈر.

5. بىرەر دوستۇڭغا بىرەر مەخپىيەتلىكىڭنى ئېيتىپ بېرىشتىن ئاۋۋال تەكرار ئويلان.

6. ئىش ھەققىڭنى بېرىدىغان كىشىنىڭ ھەرگىز يامان گېپىنى قىلما.

7. ئەدەبىي ھوزۇل يەرگە دەسسىمەيدىغان ئادەملەردىن كۆپ ئېھتىيات قىل.

8. بالىلىرىڭ ئادىللىق، ھەققانىيلىق، گۈزەللىك، ئېسىل پەزىلەت ئۈستىدە ئويلانغىنىدا دەرھال سېنى ئېسىگە ئالالايدىغان بولسۇن.

9. ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى راستچىللىق، گۈزەللىك، پاكلىقنى پەرق ئېتىشنى بىلىۋال.

10. ئۆزۈڭنى ۋە باشقىلارنى كەچۈرۈشنى بىلىۋال.

11. بىر يىل ۋاقتىڭنى سەرپ قىلىپ، بىرەر پارچە كلاسسىك ئەسەرنى ئوقۇپ چىق.

12. جەددىي قۇتقۇلدۇرۇش چارىلىرىنى ئۆگىنىۋال.

13. بىرەر كىشى سېنى ئۆز قويىنىغا ئالاي دېگىنىدە، ئۇنىڭ ئۈمىدىنى ھەرگىز يەردە قويما.

14. ھەر كۈنى ئالتە ئىستاكان سۇ ئىچىپ تۇر.

15. سېنى قەدىرلەيدىغان كىشىلەرنىڭ غېمىنى يېيىشنى بىلىۋال.

16. ھەر قانچە زور قىيىنچىلىققا دۇچ كەلسەڭمۇ، ھېيت - بايراملاردا ئامال قىلىپ ئائىلەڭدىكىلەر بىلەن بىرگە بول. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، بۇ خىل ئەسلىمە بىباھا گۆھەرگە ئايلىنىدۇ.

17. سىرتقا ساياھەتكە چىققىنىڭدا، ھەميانىڭغا ئىسىم - پامىلەڭ، تېلېفون نومۇرىڭ، دوستلۇرۇڭنىڭ تېلېفون نومۇرى ۋە سالامەتلىك ئەھۋالىڭ پۈتۈلگەن بىرەر كارتوچكا سېلىۋېلىشنى ئۇنتۇما.

18. مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكىنىڭدە، تىنچ



ئۇلتۇرۇپ ئۆزۈڭنى بېسىۋالالمىغىنىڭ - بېسىۋالالمىغىنىڭ، سالامەتلىكىڭ ئۈستىدە ۋە قىزغىنلىقىڭنىڭ ئۆرغۇپ تۇرغان - تۇرمىغانلىقى ھەققىدە ئويلىنىپ كۆر.

19. ھەر يىلى باھاردا بىرەر تۈپتىن جىرىم تىكىپ قوي.

20. ئىسىڭدە بولسۇنكى، نىكاھ ئاساسىنىڭ ياخشى بولۇشى مۇنداق ئىككى تەرەپكە باغلىق: (1) ياخشى ھەمرا تېپىش؛ (2) ئۆزى ياخشى ئادەم بولۇش.

21. تۇغقانلىرىڭ، ئايالىڭ ۋە بالىلىرىڭنى ئەيىبلىمەكچى بولغىنىڭدا، ئۆزۈڭنى ئۆتۈۋېلىش ئېسىڭدە بولسۇن.

22. ئۆتكەن ئىشلارنى ئېسىڭگە ئېلىپ پۇشايمان يېمەكچى بولغىنىڭدا، باتۇرلۇق بىلەن ئالدىڭدىكى ئىشلارنى ئويلاشقا جۈرئەت قىل.

23. ئۆزۈڭچە بىرەر بۈيۈك ئەقىل تاپتىم دەپ قارىغىنىڭدا، ئۇنى ھەرگىز باشقا پارچە - پۇرات ئىشلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراتما.

24. ھېسسىياتىڭنى بېسىۋېلىشقا ماھىر بول.

25. ئائىلە ئاساسىڭنى ھەر كۈنى ئاز-تولا ئەمەلىي ئىش قىلىش يولى بىلەن مۇستەھكەملە ۋە ياخشىلاپ بار.

26. كىشىلەرنى قارىسىغا تەنقىد قىلما، ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرگىنىڭ بۇنىڭ سىرتىدا.

27. بىرەر جۈملە دوستانە سۆزنىڭ ياكى بىرەر ياخشى ئىشنىڭ رولىغا ھەرگىز سەل قارىما.

28. باشقىلارغا ياخشى گەپ قىلغىنىڭدا، بالىلىرىڭمۇ ئۇنى ئاڭلىسۇن.

29. بىلىشىڭ كېرەككى، بەخت بايلىققا، ھوقۇققا ۋە چىراي - شەكىلگە ئەمەس؛ ئەتراپىڭدىكىلەر بىلەن ئەپ ئۆتەلىشىڭگە باغلىق.

30. كىشىلەر بىلەن تۇنجى كۆرۈشكىنىڭدە، ئەشەددىيۇسكارلىق بىلەن قول بېرىپ، ئىسىم فامىلەڭنى ئېيتىپ بەر، قارشى تەرەپ سېنى ئۇنتۇپ قالمايدىغان بولسۇن.

31. كارىۋىتىڭنىڭ بېشىغا خاتىرە ۋە قەلەم قويۇپ قوي، ياخشى ئەقىل - چارە كۆپ ھاللاردا سەھەر سائەت ئۈچتە كاللاڭغا كېلىدۇ.

32. جاپالىق ئىشلەش بەدىلىگە ئارزۇ قىلغان نەرسەڭگە ئېرىشكىنىڭدە، ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولۇشنى ئۆگىنىۋال.

33. تۇغۇلغان كۈنىڭدە بىرەر ئىش قىلىشنى كۆڭلۈڭگە پۈكۈپ قوي.

34. مۇھەببەت ئاساسىڭ بولمىسا توي قىلما.

## 67 يىللىق مەخپىيەتلىك — لېنىننىڭ مېڭىسى

لېنىن ئۆستىگە قارا رەڭدىكى كاستۇم - بۇرۇلكا كىيگەن ھالدا سۈپسۈزۈك خرۇستال تاۋۇت ئىچىدە ياتىدۇ. ئۇنىڭ چىرايى ياداڭغۇراق، روھى ھالىتى خاتىرجەم.

ھالبۇكى، 67 يىلدىن بۇيان ھېچكىممۇ لېنىننىڭ چوڭ مېڭىسى ئۇنىڭ مېڭە قېپى ئىچىدە ئەمەسلىكىنى ئويلاپ كۆرگىنى يوق.

ئۇنداقتا لېنىننىڭ چوڭ مېڭىسى زادى قەيەردە؟ ھېچكىم بىلمەيدىغان بۇ مەخپىيەتلىكنى سوۋېت ئىتتىپاقى مۇخبىرى ئارىسىن پوشۇېك 1991 - يىلى 9 - ئاينىڭ كېيىنكى يېرىمىدا غەرب جامائەتچىلىكىگە ئاشكارىلاپ قويدى. پوشۇېك مۇنداق دېگەن: «مەن سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ 19 - نومۇرلۇق تەتقىقات ئىشخانىسىغا كىرىپ، بىر نەچچە رەھبىرى خادىمنىڭ چوڭ مېڭىسىنى كۆردۈم. مېڭىلەر چىرىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان سۈيۇقلۇق قاچىلانغان ئەينەك قاچىغا سېلىنغان ئىكەن. . . ئۇ مېڭىلەرنى تەتقىق قىلىش ئاشۇ رەھبەرلەرنىڭ چوڭ مېڭە تۈزۈلىشىنىڭ ئادەتتىكى كىشىلەر مېڭىسىنىڭ تۈزۈلىشى بىلەن پەرقلىنىدىغان - پەرقلەنمەيدىغانلىقىنى ئېنىقلاشنى مەقسەت قىلىدىكەن.»

(يۇسۇپجان ئىمىن.ت)




ئادەم پۈتىنى ئاسمانغا قىلىپ ماڭسا سالامەتلىككە پايدىسى بارمىش، ئەگەر يەنە شۇ تەتۈر ھالەتتە ئادەم بۇ دۇنياغا نەزەر سالسا مېڭىنىڭ تېخىمۇ ساغلام بولۇشىغا پايدىسى بولارمۇ؟ سىز «شەيتان لوغەت»نى كۆرۈپ، كۈلۈپلا قويامسىز، ياكى باشقىچە پىكىرلەردىمۇ بولامسىز؟ «شەيتان لوغەت» ئانچە قورقۇنچلۇق نەرسە ئەمەس، ئۇ زەمبىرەك، ئاتوملارغا قارىغاندا كۆپ رەھىمدىل. ئەگەر «شەيتان لوغەت»نىڭ دېگەنلىرى راست بولمىسا كارابىتى چاغلىق، ئەگەر ئۇنىڭ دېگەنلىرى ھەقىقەت بولۇپ قالسا، ئۇنداقتا دۇنيادىن ئەنسىرەشكە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى ئويلاپ كۆرۈڭ، ھەقىقەت شەيتاننىڭ ئاغزىدىن چىقسا ئۇنداقتا بۇ جاھان نېمە بولۇپ كېتەر! ئۇ ھەممىمىز ئويلىنىشقا تېگىشلىك بىر مەسىلە. قېنى، دوستلار، بۇ ھەقتە ھەممىمىز باش قاتۇرۇپ، بۇ سەھىپىنى ئىشلەپ كۆرەيلى.

* * *

يازغۇچى — ئۆزىنىڭ يازغىنىغا ئۆزى ئەمەل قىلالمايدىغان ئادەم.

يىغىن زالى — مۇنبەردىكىلەرنىڭ ئۆۋەندىكىلەرگە ئىرادىسىنى تاڭىدىغان ئورۇن.

ئىشخانا — ھەقسىز چاي ئىچىپ، ھەقسىز گېزىت كۆرىدىغان جاي.

ئارقا ئىشىك — بىر خىل شەكىلسىز، ئۆزى كىچىك لېكىن دۇنيانىڭ نەرسىلىرى پاتىدىغان، ھەر قانداق ئادەم ئۆز نۆۋىتىدە ئىگىلەپ كىرىدىغان سىرلىق ئىشىك.

ئائىلە — بىر گۇرۇپپا ئادەم. بۇلارنىڭ ئىچىدە بىر قازاندا پىشىپ چىققان ئۇخشاشچىلىق ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىرى چىقمايدۇ.

مودا — قوغلىشىپ يېتىشىپ بولغىلى بولمايدىغان ئاشىق.

ئوغرىلىق — ئىنسانىيەتكە ئورتاق كەسىپ، پەقەت ئوغرىلايدىغان ئوبيېكتىلا ئوخشىمايدۇ.

ئادۋوكات — ئالىي سۆيەتلىك سوپۇن بىلەن جىنايەت يۇيىدىغان ئادەم.

مىللەت — خۇددى ھايۋانلار ئۆزلىرىنى يولۋاس، بۆرە، قوي، كالا... دەپ پەرقلەندۈرۈۋالغاندەك ئىنسانىيەتمۇ ئۆزلىرىنى پالانى، پوكۇنى دەپ ئايرىۋېلىشقان كىشىلەر توپى.

ئىناقلىق — يولۋاسنىڭ توق ھالىتىدە قويلارنىڭ ئارىسىدا تۇرغان ۋاقتىدىكى تىنچ ھالەت.

قېيىنئانا — بىرگە ئۆتمەكنىڭ ئەسلىكىدىن «قېيىن» ئانا بولۇپ قالغان. ئەگەر ئاسان بولغان بولسا «ئاسان»ئانا بولغان بولاتتى.

قوي — ئەخمەقلىقىدىن «مە»لا دەيدىغان ھايۋان. ئەخمەق بولمىسا سەركىلىكىنىمۇ «مە» دەپلا ئۆشكىگە بېرەمدۇ.

شەيتان لۇغەت — ئىنسانىيەتنىڭ ئىزنۇاتقانلىقىنى ئەسكەرتىپ تۇرىدىغان ئەينەك.

خوتۇن — مەيلى خالاڭ - خالىماڭ، مەيلى قورقۇڭ - قورقماڭ، سىزنىڭ ھەر قانداق يېرىڭىزنى ئۆز خاھىشى بويىچە رېمونت قىلىپ باققىسى بار رېمونتچىلىك.

ماشىنا ۋەقەسى — ھاياجىنىنى باسالماي قالغان ئىككى ماشىنىنىڭ سۆيۈشۈشىدىن كېلىپ چىققان ئاقىۋەت.

ئاشنا — ئەمى ھەر قانداق كەمپۈت بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان، بىراق دەككە - دۈككىدە يەپ قالغانلىقتىن ناھايىتى ئاتلىق تۇيۇلىدىغان خەتەرلىك كەمپۈت.

مۇناسىۋەت ئىلمى — ۋاستە تاللىماي قارشى تەرەپنى قولغا چۈشۈرۈپ، مەقسەتكە يېتىدىغان بىر خىل ئىلىم.




• سوئال: بەزى ماتېرىياللاردا «تۇرپاننىڭ تېمپېراتۇرىسى 82℃ قا يەتكەن» دېيىلگەن ئىكەن. لېكىن مۇنەللىم بىزگە «ئەگەر تېمپېراتۇرا 70℃ قا يېتىپ قالسا، دۇنيادا ھەر قانداق ھاياتلىق مەۋجۇت ئەمەس» دەپ ئۆتكەن ئىدى. بۇ قانداق گەپ.

— قاغىلىق ناھىيە سايباغ يېزا قوچچى باشلانغۇچ مەكتەپتىن ئەكرەمجان

جاۋاب: ئېھتىمال ماتېرىيالنى يازغان ئادەم ئۆز قىزىتمىسىنى تۇرپاننىڭ تېمپېراتۇرىسىغا قوشۇۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

• سوئال: مەن تۈنجى مۇھەببىتىمدىن ئايرىلىپ (ئۆلۈپ كەتكەن) كەتكەندىن كېيىن باشقا قىزلارنى ھەقىقىي ياخشى كۆرۈپ باقمىدىم. چۈنكى مەندە ئۇلارغا نىسبەتەن قىلچىمۇ مۇھەببەت يوق. قانداق قىلسام بولار؟

— قاغىلىق ناھىيە سايباغ يېزا قوچچى باشلانغۇچ مەكتەپتىن ئەكرەمجان

جاۋاب: ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگىچە تەخىر قىلىپ بېقىڭ، بىر گەپ بولار.

• سوئال: ژۇرنالنىڭ «گۈلدەستە» سەھىپىسىنى كەڭ ئېچىشقا، كۆپرەك بەت ئاجرىتىشقا بولامدۇ ياكى قەلەم ھەققىدىن قورقامسىلەر؟

— قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيە يامانيار يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىدىن سابىرجان شىيىت

جاۋاب: بانكا ئىدارىمىزنىڭ يېنىدا، قورقۇش يوق. بىراق ژۇرنىلىمىزغا لايىق، كۆركەم «گۈلدەستە»لەرنى تىزىپ ئەۋەتكەنلەر ئېخى يوق.

• سوئال: مەن ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا شۇنداق قىزىقىمەن لېكىن تۈنجى قېتىم يېزىپ بولۇپ، قايتا قولۇمغا ئالسام بۇرۇنقىسىنى بۇزۇپ قويىمەن، قانداق قىلسام بولار.

— قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيە يامانيار يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىدىن سابىرجان سىيىت

جاۋاب: بۇزىۋەرسىڭىز ئاخىرى بۇزمىغىدەك بولىسىز.

• سوئال: بىر كۈنى بىر گېزىتخانىدا دوستۇم «تاماكا تاشلاش» توغرىسىدا ماقالە تەھرىرلەۋاتاتتى، بىر دەمدىن كېيىن ماڭا تاماكا تۇتتى. بۇنداق زىت ئىشلار قاچان تۈگەيدۇ؟

— قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيە يامانيار يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىدىن سابىرجان سىيىت

جاۋاب: تۈگىنىڭ قۇيرۇقى يەرگە يەتكەندە.

• سوئال: بىر قىز مېنىڭ ئەسەرلىرىمنى كۆرۈپ ماڭا غايىۋانە ئاشىق بولۇپ قاپتۇ، يازغان خەتلىرىدە سىزنى بىر كۆرسەم، لېۋىڭىزغا بىر سۆيسەم، دەپتۇ. ئەمما مەن بىلەن ئۇچرىشىپ لاسىدە بولۇپ قالدى. بۇ نېمە سەۋەب؟

— قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيە يامانيار يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىدىن سابىرجان سىيىت

جاۋاب: چۈنكى كۆپىنچە ھاللاردا يازغۇچىلارنىڭ ئەسىرى ئۆزىدىن گۈزەل بولغانلىقى ئۈچۈن.

• سوئال: مەن ھازىر ماشىنا ئادەمنى تەتقىق قىلىۋاتىمەن، پىلانىمدا ئادەم ھېسسىياتى بار، ئەقىللىق ماشىنا ئادەم ياساپ چىقماقچىمەن. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا قانداق سىستېمىلارنى كىرگۈزسەم ئادەمگە تېخىمۇ ئوخشا؟

— چىڭخۇا داشۆدىن ئەسقەر

جاۋاب: يالغان سۆزلەش بىلەن پۇل خەجلەشنى كىرگۈزۈڭ.

• سوئال: مەن «شەيتان لوغەت» ئۆۋەتسەم ئىشلىتەمسىلە؟

— ماناستىن قۇددۇس

جاۋاب: شەيتانلىقى بولسىلا ئىشلىتىمىز.




(ھېكايە)

تۇرسۇنجان مۇھەممەت

ئاياللار خىزمىتىنى خېلى ئۇزۇن ۋاقىت ئىشلىگەچكىمىكىن، تەشكىل ئەمدى مېنى يېزىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە مەسئۇل قىلىپ قويدى.

— سىز ئىقتىدارلىق كادىر — دېدى يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقى مېنى ئۇچۇرۇپ، — خىزمەت تارىخىڭىزغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇرغۇن قېتىملىق ھەق - تەلەپ ئىشلىرىنى كۆڭۈلدىكىدەك ھەل قىلدىڭىز. كىچىككىنە ئىشلار ئۈچۈن ياقا يىرتىشىپ، ئائىلىسىنى ۋەيران قىلىۋېتىش ئالدىدا تۇرغان، ئەر - خوتۇنلارنى سۆز بىلەن قايىل قىلىپ، قايتىدىن بەختىنى تېپىۋېلىشىغا ياردەم قىلدىڭىز، نېمىلا دېگەن بىلەن سىزگە ئەلنىڭ ھۆرمىتى چوڭ سىز بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلەپ كېتەلەيسىز.

— مەن بۇ خىزمەتنى ئىشلىمەي — دەپ يېلىنىپ - يالۋۇردۇم.

— بۇ خىزمەتكە قارىتا كىشىلەرنىڭ تونۇشى تۆۋەن بولغاچقا سىزنى مەسئۇل قىلىپ بېكىتتۇق، — دېدى يېزا باشلىقى كۈلۈپ تۇرۇپ.

— تونۇشى ئاددىيلارنىڭكىنى چوڭقۇرلاشتۇرىسىز، چوڭقۇرلارنى بايراق قىلىپ تىكلەيسىز. شۇنىڭ بىلەن خىزمەت رىلىستا ماڭغان پويىزدەكلا يۈرۈشۈپ كېتىدۇ...

— دېمەك ئاسان بولغان بىلەن ئەمەلىيلەشتۈرمەك قىيىن، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا، — «ئاز تۇغۇڭ، سۈپەتلىك پەرزەنت كۆرۈڭ» دەپ ئاياللارغىمۇ سۆزلىگىلى بولار، ئەمما پەرزەنت كۆرۈش ئاياللارنىڭلا ئىشى ئەمەسقۇ؟ ئەرلەرگە نېمە دەيمەن. «ئۆزلىرى قانچىنى تۇغقان؟» دەپ سورىغۇچىلار چىقمايدۇ دېگىلى بولامدۇ؟ «ئۆتنى تۇغقان» دېسەم «پاھ... پاھ تۇغىدىغاننى تۇغۇپ بولۇپ، ئەمدى بىزگە كەلگەندە تەربىيە قىلىۋاتامدا؟ ياخشىسى ئاۋۋال ئۆزلىرىگە نەسىھەت قىلىۋالسىلا» دەپ ئالدىمغا توغ سالىدىغانلار چىقماي قالامدۇ؟

— ھەي نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىڭىز؟ — دېدى يېزا باشلىقى ئۆزىنى ناھايىتى جىددىي قىياپەتتە تۇتۇپ، ئەندىشە قىلماڭ، بۇ خىزمەت بارغانچە چىڭغا چىقىۋاتىدۇ، مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلەرمۇ كۆپ، چوڭ يىغىنلارنى ئېچىپ ئوقۇپ بېرىسىز، تەشۋىقات دېگەن ئەنە شۇ. ئەمەل قىلغانلارنى

مۆكاپاتلايمىز، ئەمەل قىلمىغانلارغا بەلگىلىمە بويىچە جەرىمانە قويىمىز، شۇنىڭ بىلەن ئىشلار ئۆزلۈكىدىن يۈرۈشىدۇ.

ئەمدى نېمە دەيمەن؟ قارشىلىشىۋېرىشكە تىلىم بارمىدى. ئالدىمدا ماڭا سۆزلەپ تۇرغىنى نېمە دېسەم ئاڭلاۋېرىدىغان باللىرىمنىڭ دادىسى ئەمەس، بىر پەرمان بىلەن يېزىنى چۆرۈيدىغان رەھبەر. شۇنداق ئىكەن بويۇن تولغاپ ئۇنىڭ گېپىنى رەت قىلسام بولماس. نېملا بولمىسۇن بىر ئىشلەپ كۆرمەيمۇ؟ دېگەن خىيالغا كەلدىم.

× × ×

ئىشنى تەشۋىقاتتىن باشلىدىم. يېزا تەۋەسىدىكى ئون ئالتە كەنت، يەتمىش ئۈچ مەھەللىنى ۋېلىسىپىت بىلەن ئايلىنىپ چىقىش ئاسانغا توختىمىدى. يىگىلا شىغىل ئۆتكۈلگەن ئوڭغۇل - دوڭغۇل سەھرا يولىدا ۋېلىسىپىتنى مىنەلمەي، كۆن بويى يېتىلەپ يۈرۈپ، ئىككى بىلىكىممۇ كاردىن چىقتى. شۇنداقتىمۇ لېۋىمنى چىشلەپ، كەنت باشلىقلىرىغا ئېيتىپ، دېھقانلارنى مىڭ بىر قىيىندا بىر يەرگە يىغىپ، پىلانلىق تۇغۇتقا ئائىت ھۆججەت - قارارلارنى ئوقۇپ يەتكۈزدۈم.

— خانىم، — دېدى بىر كۈنى قومۇشكۆل مەھەللىسىدە تەشۋىقات ئېلىپ بېرىۋاتقىنىمدا، چىرايى ئاپتاپتا قارىداپ، تونۇردىن چاچراپ كەتكەن چوغچۇلىگىلا ئوخشاپ قالغان بىر دېھقان گىرۋەكلىرى تەردىن قارىداپ كەتكەن شاپاق دوپپىسىنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ، — ئايالىمنىڭ تۇغۇشى ھەققىدە كەنتتە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە مەسئۇل خادىمنىڭ تەستىقلىشى بىلەن بىر كۆرسەتكۈچ ئالغان ئىدىم. ئويلىمىغان يەردىن ئايالىم قوشكېزەك تۇغۇپ قويدى. بۇنىڭ چارىسى قانداق بولىدۇ؟

ئەتراپتىن ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىشقا باشلىدى.

— ھەر كۈنى توخۇ كاتىكىدىن تۇخۇم ئوغرىلاپ يېگىنىڭنىڭ پايدىسىغۇ بۇ!

— كىم بىلىدۇ، ئىككى بالىنىڭ بىرى ماڭا ئوخشامدۇ تېخى...

توپتىن كۈلكە كۆتۈرۈلدى، ھېلىقى دېھقان بىر قىزىرىپ، بىر تاتىرىپ تىرنىقىنى تاتىلاپ تۇراتتى.

— بۇنىڭ چارىسى، — دېدىم ئۇنىڭغا ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرنى ئوقۇپ بەرگەندىن كېيىن، — سىز رۇخسەت ئېلىپ پىلان بويىچە پەرزەنت كۆردىڭىز، قوشكېزەك تۇغۇلۇپ قېلىش سىزنىڭ خاھىشىڭىز ئەمەس. شۇڭا ئۇ بىر تۇغۇت ھېسابلىنىدۇ...

— بەلەن گەپ، — ئولتۇرغانلاردىن بىرى ھەيرانلىق بىلەن گەپ قاتتى، — مېنىڭ يەنە ئىككى كۆرسەتكۈچۈم بار ئىكەن، ئوبدانراق ئىشلىسەم خوتۇن ئازراق غەيرەت قىلىپ ئۈچكېزەكلەپ ئىككى قېتىمدا ئالتىنى تۇغۇپ بەرسە بولغىدەكقۇ...

— ئۆيدىكى ھېساب بازارغا توغرا كەلمەيدۇ، — دېدى يەنە بىر يىگىت چاقچاق قىلىپ، — ناۋادا بۇنىڭغا كۆزۈڭ يەتمىسە ياردەمگە مېنى ھايت دېسەڭلا...

— نېمە دېدىڭ؟ — بۇ ئاۋۋالقى دېھقاندەك تىرناق تاتىلاپ تۇرىدىغانلاردىن ئەمەس ئىكەن. ھەش - پەش دېگۈچە ئۇلار ئۇتۇشۇپ قالدى، ئارىغا چۈشكەنلەرمۇ پەشۋا يېيىشىپ قېچىپ چىقتى. بىر پەستىلا ئۇلارنىڭ قاش - قاپاقلىرى يېرىلىپ، ئېغىز - بۇرنى قانغا بويۇلۇپ كەتتى.

مەن ھېچ ئىشقا ئەقلىم يەتمىگەندەك تۇرۇپ قالدىم. ئۇرۇش - جېدەل بىر ھازاغىچە داۋاملاشتى. ئاخىرى كەنت باشلىقىنىڭ گۈلدۈرماممىدەك ئاۋازى بىلەن ئۇلار پەسكارىغا چۈشتى. بۈگۈنكى بىمەنە چاقچاقلار ۋە مۇشتلىشىشلاردىن خام ماي ئىچىۋالغاندەك بولۇپ ئۆيگە قايتتىم.

ھەش - پەش دېگۈچە يىل ئاخىرلاشتى. كۆز كېلىپ دەل - دەرەخلەر ئالتۇن يوپۇرمىقىنى زېمىنگە بەخشەندە قىلىپ تۆكۈپ بولۇپ،

ئېرىق - كۆلچەك بويلىرىدا نېپىز مۇز قېتىشقا باشلىغاندا، يېزا ئاجرىتىپ بەرگەن ئىككى كادىر بىلەن ئاچال كەنتىگە جەرىماننى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە كەلدۇق. چارە كۆرۈلگۈچى توختى ساقال ئاتمىشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان تەرسا مىجەز كىشى ئىدى. ئۇ شۇ يېشى بىلەن ئالتىنچى بالىسىغا دادا بولغان ئىدى. بىر يىل ئىلگىرى بەشىنچى بالىسى تۇغۇلغاندا ئۇنىڭغا ئۈچ يۈز يۈەن جەرىمانە قويۇلغان بولسىمۇ، ئەمما ئائىلىسى بەكلا نامرات بولغاچقا جازا كەچۈرۈم قىلىنغان ئىدى. توختى ساقالنىڭ ئالتىنچى بالىسىغا دادا بولغانلىقىنى بىلگەن يېزىلىق ھۆكۈمەت ئۇنىڭغا قاتتىق چارە كۆرۈش ئارقىلىق يېزا تەۋەسىدە داغدۇغا پەيدا قىلىش ئۈچۈن بىر مىڭ ئىككى يۈز يۈەن جەرىمانە قويدى. بىز توختى ساقالدىن ئاشۇ پۇلنى خۇددى ناركوزلىماي چىشنى سۇغۇرغاندەك يۇلۇپ ئېلىشىمىز كېرەك ئىدى.

ئۇنىڭدىن بىر مىڭ ئىككى يۈز يۈەن چىقارمۇ؟ مېنىڭ پۈتۈن ئەندىشەم شۇ ئىدى. بىر ئاي ئىلگىرى توختى ساقالنىڭ ئايالى يەنە يەڭگىپتۇ دېگەننى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ئائىلىسىگە بارغان ئىدىم. ئىسلاشقان، چەللىرى ساڭگىلاپ قالغان بۇ ئۈچ ئېغىزلىق ۋەيرانە ئۆينىڭ بىرى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن ئىدى. بويۇنتورۇقتەك ئىگىلگەن جىگدە ياغىچىدا تىرەك قويۇلغان ئاشۇ قورقۇنچلۇق ئۆيگە تىنىم شورۇكەنگەن ھالدا كىرىپ كەلگىنىمدە، ھېچ ئىشتىن ئەندىشىسى يوق خاتىرجەم ھالدا ياماق ئۈستىگە ياماق سېلىپ گۈللۈك كۆڭلەككىلا ئوخشاپ قالغان كونا يوتقان ئىچىدە بالىسىنى ئېمىتىپ ياتقان توختى ساقالنىڭ ئايالىغا، ئوچاقتا كالا تېزىكى تاشلاۋاتقان توختى ساقالغا، مېنى كۆرۈش بىلەن سادىر ئۈركىگەن چۈجىلەردەك ۋەھىمىدىن كۆزلىرىنى پارقىرىتىشىپ، بۇلۇڭغا تىقىلغان يېرىم يالىڭاچ بالىلارغا قاراپ، بۇ ئائىلىنىڭ قانچىلىك نامرات ئىكەنلىكىنى قىياس قىلغان ئىدىم.

— بەللى توختىكا، يېزىنىڭ قارارىغىمۇ پىسەنت قىلماستىن پەرزەنت كۆرۈۋالغىنىڭىز نېمىسى؟

— قىزىل تامغىلىق قارار خۇداغا ئىشلىمەيدىكەن خانىم، خۇدا بەرسە ئىشىكنى ئېتىۋالسا يوچۇقىدىن بولسىمۇ كىرىۋېرىدىكەن، بەرگەننى تاشلىۋەتكىلى بولمىدى. شۇنداق قىلىپ باللىق بولۇپ قالدۇق دېسىلە...

— خۇدا سىلىگە بىر بالا ئەمەس، بىرەر پاخلان ياكى موزاي بەرگەن بولسا ياخشى بولاتتى توختىكا. بۇ قىلغانلىرى راستىنلا بولمىدى جۇمۇ، سىياسەت دېگەن سىلى ئويلىشىدىغان نەرسە ئەمەس، ئىشنىڭ ئالدى - كەينىنى قارارلاپ بىر نېمە قىلسىلا بولمامدۇ؟

— ئاھھاي، بىلمەن خانىم، سىلى سىياسەت ئەھلى، شۇڭا ئاغزىلىرىدىن سىياسەت چۈشمەيدۇ، راستىنلا سىلى دېگەندەك بىرەر پاخلان ياكى موزايغا ئېرىشىپ قالغان بولساق خۇداغا مىڭ مەرتىۋە شۈكرى قىلغان بولاتتۇق، ھېلىمۇ شۈكرى، بالا بولسىمۇ بەردى. بالا يەرگە چۈشسىلا رىسقىنى خۇدايىم بېرىدۇ. ئېغىرنى يەر كۆتۈرىدۇ دېسىلە! بىز قېرىغان بىلەن كۆڭلىمىز قېرىغىنى يوق، سەھرا دېگەندە كۈن تاغنىڭ كەينىگە ئۆتكەندىن كېيىن قىلغىلى ئىش يوق كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ قالىدىكەنمىز. ئويۇن - تاماشانىڭ ئۈنچىلىك مېۋىسى بولمىسا بولامدۇ؟ ھى... ھى... ھى...

شۇ كۈنى ئۇنىڭ بىلەن خېلىلا ئېيتىشتىم، ئاخىرى ئۆز گېپىنىلا يورغىلىتىپ، زادىلا غەرەز ئۇققىلى ئۇنىمايۋاتقان بۇ «كۆڭلى ياش» بىلەن خوشلاشقان ئىدىم.

بۈگۈن يەنە ئۇنىڭكىگە كىرىپ كەلدۇق. چامغۇر سېلىپ ئېتىلگەن ئوماچنى ئىشتىھا بىلەن ئىچىپ ئولتۇرغان بىر توپ بالا قوشۇقلىرىنى ئۇتقىنىچە بىزگە قاراپ داڭقېتىپ تۇرۇپ قېلىشتى. ئېشىغا چۈشكەن قىلنى ئېلىۋېتىش ئۈچۈن ھەپىلىشىپ ئولتۇرغان توختى ساقال بىزنى كۆرۈش بىلەن ساقىلىغا چاپلىشىپ قالغان ئوماچنى ئالقىنى بىلەن سۈرتكىنىچە ئورنىدىن تۇردى.

— قىنى، بۇياققا ئۆتۈشسىلە، — دېدى ئۇ بىزنى تۆرگە تەكلىپ قىلىپ، — دېھقان ئىشى دورىنىڭ ئورنىدا، چىشنىڭ كىرىنى ئالىدۇ. بىر سوۋۇتۇمدىن ئاش ئىچىپ كورەيلى، ھوي ئانىسى، قىنى ئىشكىنى...

— رەھمەت توختىكا، — مەن ئۇنى توسۇۋېلىپ، تەكلىپگە ھۆرمەت قويدۇم. ئاندىن بىرگە كەلگەن كادىرلارنىڭ بىرىگە ئىيتتىم،

— سىز بېرىپ كەنت سېكرېتارىغا ئېيتىڭ، ئۇ مۇشۇ كەنتنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە مەسئۇل بولغاندىكىن ئەزالارنى يىغسۇن، ئەمەلىيلەشتۈرۈش چوڭ يىغىنى ئاچمىساق بولمىدى.

ئۇ چىقىپ كەتتى. توختى ساقال بىزنى يەنە بىر پەس تۆرگە تەكلىپ قىلغاندىن كېيىن، ئۆز ئورنىغا بېرىپ ئولتۇردى - دە، ئىشىنى شىپىلدىتىپ ئىچىشكە باشلىدى. قازان بېشىدا ئولتۇرغان توختى ساقالنىڭ ئايالى ھەجەرخان بىر نەرسىنى ھېس قىلغاندەك ماڭا تەشۋىش ئىچىدە قاراپ قالغان ئىدى.

× × ×

يىغىن باشلاندى. ئادەت بويىچە كەنت سېكرېتارى پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈشنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە خېلى ئۇزۇن سۆزلىدى. ئاخىرىدا توختى ساقالنىڭ پىلان سىرتىدا پەرزەنت كۆرۈپ، كەنتنىڭ نامىغا كەلتۈرگەن داغلىرى، ئۇنىڭ كاساپىتى بىلەن كەنتنىڭ بۇندىن كېيىن بىر نەچچە يىل ئىلغار سايلانمايدىغانلىقى، بۇ ئولتۇرغانلارنىڭلا ئەمەس، يېزا ئالدىدا كەنتنىڭ يۈزىنى يەرگە قاراتقانلىقى ئۈستىدە قايناپ سۆزلىدى.

سېكرېتارنىڭ سۆزى ئاخىرلىشىشى بىلەن مەن يېزىنىڭ قارارىنى ئوقۇپ بەردىم:

«ئاچال كەنتىدىن توختى ساقال يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ پىلانلىق تۇغۇت ھەققىدىكى بولغا قويۇلغان قائىدە - تۈزۈملىرىنى كۆزگە ئىلماي، پىلان سىرتىدا پەرزەنت كۆرگەنلىكى ئۈچۈن بىر مىڭ ئىككى يۈز يۈەن جەرىمانە قويۇلدى. بۇ خىزمەتنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلىمىگەن كەنت سېكرېتارىغا ئىككى يۈز يۈەن جەرىمانە قويۇلۇشى بىلەن بىرگە ئاچال كەنتىنىڭ «مەدەنىيەتلىك كەنت» دېگەن نامىمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى».

بۇ قارارنى ئاڭلاپ ئولتۇرغانلار جىمىپ كېتىشتى. ھېلىلا كىشىلەرنىڭ ئاۋازى بىلەن قىزىپ كەتكەن مەيدان ئەمدىلىكتە گۆرىستان جىمجىتلىقىغا چۆكتى. بۇ تىنچ كەيپىياتنى مەھەللىنىڭ قايسىدۇر بىر ئېغىلىدىكى ئىشەكنىڭ ھاڭرىغان ئاۋازى بۇزۇپ تاشلىدى.

— قانچە پۇل دېدىڭلا؟ — بىر چاغدا توختى ساقال چوشى بۇزۇلغان كىشىدەك ئەندىكىپ، چۆچۈش بىلەن ياندۇرۇپ سورىدى.

— بىر مىڭ ئىككى يۈز يۈەن.

— خۇدايا توۋا، مەن مۇشۇ ئۆمرۈمگىچە شۇنداق پۇلنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىغان، بىراق، قولۇمغا ئېلىپ تۇتۇپ باققىنىم يوق، نەدىكەن ئۇ بىر مىڭ ئىككى يۈز كوي.

— ماڭا قارا توختى، — دېدى كەنت سېكرېتارى ئەلەم بىلەن، — ماڭا ياسىۋالغىنى مەن قويۇپ بەرمىگەن. شۇنداقتىمۇ سېنىڭ «ياخشى» ئىشىڭدىن ئىككى يۈز يۈەن جەرىمانە تۆلەۋاتىمەن، كەنتكە كەلتۈرگەن زىيىنىڭنى ئەسلا تۆلەپ بولالمايسەن، قىلغۇلۇقنى قىلىپ قويدۇڭ، ئەمدى نېمە دەيسەن؟

— مەن تۆزىتىۋالاي.

— ھەي توختىكا، تۈزىتىۋالاي دەپ تۇغۇلۇپ بولغان بالاڭنى قەيەرگە تىقىۋېتەتتىڭ ئەمدى؟

— ئىش بۇ يەرگە يەتكەندە نېمىنى تۈزەتمەكچىسەن؟

— قاراڭلار ساقالنىڭ ئۇستىلىقىنى...

— نېمە دېيىشىۋاتىسىلەر؟ — توختى ساقال تويقا قاراپ ۋارقىرىدى، — مېنى سارالڭ كۆرۈۋاتامسىلەر؟ ئەمدى تۈزىتەي دېدىمغۇ...

— بىراق سىلى بۇ ئىشنى تۈزەتمەن دەپمۇ تۈزىتىپ ئالالمايلا توختىكا، تۇغۇلۇپ بولغان بالىنى

شۇنداقلا چىرىۋەتكىلى بولامدۇ؟ قېنى، پۇلنى چىقارسىلا...

— خانىم، — دېدى ئۇ ماڭا يېلىنىپ، — تازىنى ئاپتاپتا قېنىغاندەك ئىش قىلمىسىلا، مەندە نەدىمۇ ئۇنچىلىك پۇل بولسۇن؟ مەن ئەندى دىققەت قىلاي.

— بالاڭنى قانداق قىلماقچىسەن؟ — سېكرېتار خاپا بولغىنىدىن قوپاللىق بىلەن سورىدى. سېكرېتارنىڭ سوئالى بىلەن توختى ساقالنىڭ مىجەزى قوزغالدى.

— بالا بىلەنلا قېلىشتىلىغۇ؟ ئۇنى ئولتۇرۇپ بەرسەمغۇ بولار؟ ئۇ شۇنداق دېگىنىچە كىشىلەر ئارىسىدا بالىسىنى ئېمىتىپ ئولتۇرغان ھەجەرخان تەرەپكە تاشلاندى. ئەھۋالنىڭ چاتاققا ئايلىنىشىدىن ئەندىشە قىلغان بىر نەچچە كىشى توختى ساقالنى قۇچاقلاپ تۇتۇۋالدى. مەن ئۇنىڭ تەلۋىلىك قىلىپ بىر ئىش چىقىرىپ قويۇشىدىن قورقۇپ، جىددىيلىشىپ كەتتىم، توختى ساقال بولسا ساپان سۆرەۋاتقان كالىدەك پۇشۇلداپ، ئۆزىنى تۇتۇۋالغان كىشىلەرنى دارقىرىتىپ سۆرىگىنىچە ئايالىنىڭ ئالدىغا يېرىپ قالغان ئىدى.

— قويۇۋېتىڭلار، — دېدى سېكرېتار ھېلىقى كىشىلەرگە، — قېنى، ئۇ ئوغۇل بالا بولسا دېگىنىنى قىلىپ باقسۇنچۇ، توختى بالاڭنى ئولتۇرۇپ بەرگىنىڭ بىلەن جازادىن كېچىدىغان ئىش يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە بالا ئۆلسە سەن قاتىللىق جىنايىتى ئۆتكۈزگەن بولىسەن، ئۇ چاغدا سېنىڭ ئۇ جازاغا قانداق تارتىلىدىغىنىڭنى كۆرۈپ باقايچۇ.

سېكرېتارنىڭ سۆزى بىلەن توختى ساقال يېلى چىقىپ كەتكەن توپتەك بوشىشىپ كەتتى. مەن توختى ساقالغا بۇ سۆزنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنچە تېز تەسىر قىلغانلىقىنى ئۇقالماي قالدىم.

— مۇنداق قىلايلى، — دېدىم مەن يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ نامرات ئائىلىلەر جەرىمانە تۆلىگەندە ئازراق سورۇق بېرىشكە بولىدۇ، دېگەن بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، — توختى ئاكىغا كەچۈرۈم قىلايلى، ئۇ بۈگۈن جەرىمانىنىڭ ئەللىك پىرسەنتى بويىچە ئالتە يۈز يۈەن تاپشۇرسۇن، قالدىسىنى ھەپتىدىن كېيىن سېكرېتارغا تاپشۇرۇپ بەرسۇن، قانداق دېدىم؟

— ياخشى دېدىلە، — توختى ساقال بۇ گەپنى چىشلىرى ئارىسىدىن چىقىرىپ سۆزلىگىنىچە ئالدىمغا دىۋەيلەپ كەلدى، — كەڭچىلىكلىرىگە ھەشقاللا، بىراق مەندە ئالتە سىنتمۇ يوق.

— پۇل بولمىسا مال تاپشۇرسىلىمۇ بولىدۇ.

— مال دېدىلىما؟ مانا مال، — ئۇ ئانىسىنى چىرىدەپ ئولتۇرغان بەش بالىنى ئالدىمغا سۆرەپ ئېلىپ كەلدى، — ھەي خوتۇن، سېنىڭ تاپقان ئىشىڭ بۇ، تۇغۇۋەرگەندىن كېيىن ئۇلارغا ئۆزۈڭ بىر نېمە دە.

ئۇ بىردىنلا ئۆرىلىپ، ھەجەرخاننى تېپىپ، ئۇرۇشقا باشلىدى. تۇغۇتىغا ئەللىك نەچچە كۈن بولغان بۇ ئايال بوۋىقىنى باغرىغا باسقىنىچە يەرگە چاپلىشىپ كەتتى.

— قولۇڭنى تارت توختى! — سېكرېتار ئاچچىق بىلەن ۋارقىرىدى، — ئانا - بالىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق مەنپەئىتىنى قوغدايدىغان قانۇننىڭ بارلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ قالما، ئايالىڭ قورساق كۆتۈرگەندە سەن ئويۇڭنىڭ ئۆزگىرىسىدە تونىگە نىمدىلىڭ؟

— بالىلارنى تۇغقانلىقى ھەجەرخاننىڭلا گۇناھى ئەمەس، ئۇنىڭدا سىلىنىڭمۇ جاۋابكارلىقلىرى بار. قېنى تولا ئويۇن كۆرسەتمەي پۇلنى چىقارسىلا.

— قەيەردىكى پۇلنى دەيلا؟ ماڭا پۇل ئۆتكۈزۈپ قويغاندەكلا گەپ قىلىۋاتىدىلىغۇ؟ مەندە راستىنلا پۇل يوق. قېنى سىلى يامان بولغاندىن كېيىن پۇل يوقكەن دەپ ئېتىۋەتمەمدىلا؟ — ئۇ يەكتەكنىڭ ياقىسىنى قايرىپ، تۈك باسقان مەيدىسىنى كۆرسەتتى.

سالاچىلار ئارىغا چۈشتى. توختى ساقالنى بىر چەتكە تارتىپ ئۇنىڭ سىياسەت بىلەن ئوينىشىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. توختى ساقال زوڭ ئولتۇرۇپ، بىر

سىقىم ناسۋالنى كاپ ئەتكىنىچە بىر پەس خىيال سۈرگەندىن كېيىن، ئاستا مېڭىپ ئالدىمغا كەلدى.

— خانىم، — دېدى ئۇ تىترەك ئاۋازدا! — مېنىڭ ئۇنچىلىك پۇلنى تۆلىيەلمەيدىغانلىقىمنى قولۇم - قوشنىلار ئوبدان بىلىدۇ. بالا بولسا ئوغۇلۇپ بولدى. ئۇنى تاشلىۋېتىشنىڭ ئورنى يوق. جەرىمانىگە كەلسەك، مەن بىر ئادەمدىن ئالغان بىلەن يېزا باي بولۇپ كەتمەس، مەيلى ئۇزۇندىن بېرى چىشىمنىڭ كاۋىكىدا ساقلاپ كەلگەن ئازغىنە پۇلۇم بار. شۇنى بولسىمۇ تاپشۇرۇپ تۇراي، قالدىسىنى تەشكىل ئويلىشىپ كۆرسە... — ئۇ كىرلەشكىنىدىن ئەسلى رەڭگىدىن كېتىپ قالغان يەكتىكىنىڭ قويۇن يانچۇقىنى ئاقتۇرۇشقا باشلىدى. ھەر نېمە بولسا ئەيۋەشكە كەلدى، دەپ ئويلىدىم مەن ئىچىمدە خۇشال بولۇپ، ئىككى يۈز يۈەن بولسىمۇ تاپشۇرۇپ تۇرسا، قالغىنىنى ئېلىۋالغىلى بولار...

ئۇ يانچۇقىنى بىر ھازا كوچىلاپ، كىچىككىنە بىر تۈگۈنچەكنى ئالدى. ئالقانچىلىك لاتىغا ئورالغان تۈگۈنچىنى يەشتى، ئۇنىڭ ئىچىدىن مېيىق قەغەزگە ئورالغان يەنە بىر تۈگۈنچ چىقتى، ئۇنىمۇ تىترەپ تۇرغان قولى بىلەن ئاۋايلاپ ئېچىشى بىلەن بېلى باغلانغان بىر نەچچە موچەنگە قاراپ داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدىم.

— ئۈچ يۈەن ئاتمىش پۇڭ...

ئەرۋايىم ئۇچۇپ، ئۆزۈمنى شۇنچە كىشىنىڭ ئالدىدا مەسخىرە قىلىنغاندەك ھېس قىلىپ، تۇرالماي قالدىم.

— كىملەرنى ئەخمەق قىلىۋاتىلا؟ مەن سىلىنىڭ ئالدىلىرىغا تىلەمچىلىككە كەلمىدىم جۇمۇ!...

— نېمە، بۇ پۇل ئەمەسمىكەن؟ — توختى ساقالمۇ تېرىكىپ كەتتى، — سىلى تېخى مېنىڭ پۇلۇمنى ياراتمايۋاتامالا؟ بىلىپ قويسىلا، بۇ پۇلنى مەن يۈرىكىمنى سۇغۇرۇپ بەرگەندەك بېرىۋاتىمەن. سەككىز جاننىڭ دەردىدە مۇشۇ پۇلنىمۇ ئىككى ئايدىن بېرى تىقىشتۇرۇپ ساقلاپ كېلىۋاتىمەن، ئەمما سىلى...

— دەرد - دەرد دەيدىغان ئادەم بالىنى ئازراق تېپىپ، سىياسەت بويىچە ئىش قىلغۇلۇق... دېدىم مەن غەزەپ بىلەن ئۇنىڭ گېپىنىڭ بېلىگە تۇرۇپ، — خۇدا بەرگەن جانغا بىز گۇناھكار بولىمىزمۇ خانىم، — باياتىدىن بېرى جىمجىت ئولتۇرغان ھەجەرخان ئەلەم بىلەن سۆز قىستۇردى.

— بۇ ساراڭ بىلەن تەڭ بولمىسىلا، — دېدى سېكرېتار يىغا ئۇتتۇۋالغان كۆڭلۈمگە تەسەللىي بېرىپ، جەرىمانە بىزنىڭ گەدىنىمىزدە قالسۇن. ئۇنىڭ تۆلىمەي ھەددى ئەمەس، بىر نەچچە كۈن ئىچىدە، پاختا پۇلىغا ھېسابلاپ بېرىلگەن ئامانەت چېكىنى بانكىدىلا تۇتۇپ قېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ھېسابلىشىۋالىمىز.

— بىراق ئۇنىڭ بانكا چېكى ئەسلىدىكى قەرزگىمۇ چىقىش قىلمايدۇ، — دېدى بوغالتىر سېكرېتارنىڭ قۇلىقىغا ئاستا پىچىرلاپ.

— نېمىلا بولمىسۇن، تۆلىمەي ھەددى ئەمەس. ئۇنىڭ قولىدا يەر بار.

سېكرېتارنىڭ سۆزى بىلەن غەزىپىم بىر ئاز بېسىقتى.

يىغىن ئاخىرلاشتى. كىشىلەر ھەر تەرەپكە تارقىلىپ كېتىشتى. مەن سېكرېتار بىلەن كېلىشىۋېتىپ باياتىن بېرى بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى خىيال قىلىشقا باشلىدىم. توختى ساقالنى، بىچارە ھالەتتە قاراپ تۇرغان ھەجەرخاننى، تىترىشىپ ئولتۇرغان بەش بالىنى ئويلاپ، ۋۇجۇدۇم بىلىپ بولماس بىر ئاچچىق بىلەن تۈرتۈنۈپ كەتتى.

غەم قىلمىسىلا خانىم، — سېكرېتار بۇرۇتىنى تولغىغىنىچە مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى، — ئۇ ھەر قانچە ئامرات بولغىنى بىلەن قولىدا بىر نەچچە مو يەر بار. ئۇ سېغىن كالىدەك ھەر يىلى ھوسۇل بېرىپ تۇرىدۇ. بىز پۇلنى كەنت ھېسابىدىن قەرز ئېلىپ ئالدىن تاپشۇرىمىز - دە، توختى ساقالنىڭ ھېسابىغا يېزىپ قويىمىز. ئاندىن بۇ سېغىن كالىنى ئۆزىمىز سېغىپ، ئاستا - ئاستا ئورنىنى تولدۇرۇۋالىمىز...

مەن سېكرېتارنىڭ سۆزىگە ئىشەندىم. لېكىن قەلبىمنى بىر خىل غەشلىك تۇيغۇسى بىئارام قىلىۋاتاتتى.

## گەپ توڭلاپ قالىدۇ

ئىككى كىشى ھاۋانىڭ سوغۇقلىقى توغرىسىدا پو ئېتىشىپتۇ:

ئا: بىزنىڭ يۇرت شۇنداق سوغۇقكى شامغا ئوت ياققان ھامان، شامنىڭ ئوتىغا مۇز توڭلاپ قېلىپ، قەتئىي ئۆچمەيدۇ. ئەگەر سىز ئۇنى ئۆچۈرمەكچى بولسىڭىز شامدىكى مۇزلارنى چېقىۋېتىپ ئاندىن پۈۋلىسىڭىز ئۆچىدۇ.

ب: بۇنى ئانچە سوغۇق دېگىلى بولمايدىكەن. بىزنىڭ يۇرت شۇنداق سوغۇقكى گەپ قىلغان ھامان گەپ توڭلاپ يەرگە چۈشۈپ كېتىدۇ. ئەگەر سىز ئۇ گەپنى بىلمەكچى بولسىڭىز ئۇنى ئوتقا قاقلاپ ئېرىتسىڭىز ئاندىن بىلەلەيسىز.

## ئىقتىسادچان ئادەملەر

ئىككى كىشى ئىقتىسادچىللىق ھەققىدە پاراڭغا چۈشتى:

## كۈلكە خۇرۇچلىرى

ئا: مەن تونۇيدىغان بىر كىشى قول سائەتنىڭ ئۇپراپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ سائىتىنى كېچىسى مېڭىشتىن توختىتىپ قوياتتى.

ب: ئۇ نېمىتى، بىزنىڭ ئىدارىدە بىر كىشى كۆزەينەكنىڭ كونىراپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ گېزىت - ژۇرنالمۇ ئوقۇمايتتى.

## ئۈچ چېكىت چۈشۈپ قاپتۇ

باشلىق: كاتىپ ماقالىڭىزدىكى «شەھەر» سۆزىنىڭ ئۈچ چېكىتىنى قويماي «سەھەر» دەپ يېزىپ قويۇپسىزغۇ؟

كاتىپ: بەلكىم سىز باياتىن ماڭا ئاچچىقلىنىپ ماقالىنى يەرگە ئاتقاندا «شەھەر» سۆزىنىڭ ئۈچ چېكىتى چۈشۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ.

(جاپپار سوپى)

## ئالدى بىلەن چاقنى يەيمەن

ئاتىسى: بالام، شوكولاتتىن ياسالغان ماشىنا بولسا، قايسىنى ئالدىدا يەيتتىڭ؟

بالىسى: ئەلۋەتتە چاقنى ئالدىدا يەيمەندە، چاقنى يەۋەتسەم ھېچنەگە كېتەلمەيدۇ.

## قانداق ئىزھار قىلىمەن

يىگىت: مەن سىزنى چىن دىلىمدىن ياخشى كۆرىمەن. مۇھەببىتىمنى سۆز ئارقىلىق ئىزھار قىلىشقا ئاجىزلىق قىلىمەن.

قىز: بۇ ئاسان قولۇمغا چوڭراق ئالتۇن ئۈزۈك سېلىپ قويسىڭىزلا بولىدۇ.

## ئۈنئالغۇ ئارىيەتكە ئېلىش

A : ئۈنئالغۇڭىزنى ماڭا بېرىپ تۇرامسىز

B : بولىدۇ سىزمۇ ئاڭلاي دەپسىزدە.

A : ياق، بىر ئاز دەم ئالاي دەيمەن.

## كۈلكە خۇرۇچلىرى

## ساقلاش

ئا: سەن 30 نەچچە ياشقا كىرىپ قالدىڭ نېمىشقا تېخىچە توي قىلمايسەن؟

ب: مەن ئۇنى ساقلاۋاتىمەن.

ئا: ئۇ سەن بىلەن ئاللىقاچان ئايرىلىپ كەتتىغۇ؟

ب: شۇنداق، لېكىن ئۇ ئايرىلىدىغان ۋاقتىدا: «مەن بىلەن توي قىلمەن دېسەڭ ئۆمۈر بويى ساقلا» دېگەن ئىدى.

## ئوقۇغان

- تەھرىر ئەپەندى، مەن يازغان ھېكايىنى ئوقۇدىڭىزمۇ؟

«ئوقۇدۇم» يىگىت. ئاللىبۇرۇن ئوقۇپ بولدۇم! يەنە كېلىپ سەن تۇغۇلۇشتىن خېلى بۇرۇنلا ئوقۇغان.

## بىر كۆزۈم بىلەنلا كۆرىمەن

- بىر كىنو بېلىتى قانچە پۇل؟
- ئون يۈەن
- مەندە بەش يۈەنلا پۇل بار مېنى كىرگۈزۈۋەتسىڭىز مەن پەقەت بىر كۆزۈم بىلەن كۆرسەملا بولامدىمۇ؟

## يولدۇشۇم ئەڭ ياخشى

ئا: سىزنىڭچە پولنى نېمە بىلەن سۈرتسە ئەڭ ياخشى؟

ب: مەن نۇرغۇن تەجرىبىلەرنى قىلىپ كۆردۈم، يەنىلا ئېرىمنىڭ سۈرتكىنى ياخشى ئىكەن.

## قايسى يېقىن

ئوقۇتقۇچى: گېرمانىيە بىلەن ئاينىڭ قايسىسى بىزگە يېقىن.

ئوقۇغۇچى: ئاي

ئوقۇتقۇچى: ئاي؟

# كۆلكە خۇرۇچلىرى

ئوقۇغۇچى: چۈنكى مەن ئاينى كۆرەلەيمەن، لېكىن گېرمانىيىنى كۆرەلمەيمەن.

## دۇربۇن

- مېنىڭ دۇربۇنۇمنى ئەكىلىپ بېرىڭ. مەن بىر ماتەم مۇراسىمىغا قاتناشقىلى بارىمەن. دېدى بىر مۆتىۋەر خىزمەتچىسىگە.
- سىز دۇربۇننى ئېلىپ نېمە قىلىسىز ئەپەندىم.
- ۋاپات بولغۇچى مېنىڭ يىراق تۇغقىنىم بولىدۇ!...

## تەسىرلىنىش

- ئاغزىڭىزنى ئېچىڭ.
- رەھمەت سىزگە دوختۇر.
- ماڭا نېمە ئۈچۈن رەھمەت ئېيتىسىز.
- مېنىڭ ئېرىم مېنى دائىم ئاغزىڭنى يۇم دەيتتى!

## كىمنىڭ ھېساب

- بۇ ئۆيدە زادى كىمنىڭ دېگىنى ھېساب؟ - دەپ غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ كېتىپتۇ خورلۇققا چىدىمىغان ئەر.
- مېنىڭ، - دەپتۇ ئايال ناھايىتى تەمكىن ھالدا - قانداق پىكرىڭىز بارمىدى؟
- ياق، ھەي، ھېچقانداق پىكرىم يوق، پەقەت شۇنداقلا سوراپ قويدۇم.

## يېقىنلىق

توي كېچىسى، ئايال ئەرگە ناھايىتى يېقىنلىق بىلەن: - بۈگۈندىن كېيىن ئىككىمىز «مېنىڭ»، «سېنىڭ» دېمەي «بىزنىڭ» دەيلى- دېگەن تەكلىپنى بېرىپتۇ. بىر ۋاقىتتا ئەر يۇيۇنغىلى كىرىپ كېتىپ خېلى ۋاقىتقىچە چىقماپتىكەن، ئايال: شۇ كەمگىچە نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز- دەپ سوراپتۇ.

- ساقىلىمىزنى ئېلىۋاتىمەن، قەدىرلىكىم-دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەر.

# كۆلكە خۇرۇچلىرى

## ئۆزىنى ئالداش

- تەھرىر ئەپەندى، مەن يازغان ھېكايىنى ئوقۇپ باقتىڭىزمۇ؟
- ئوقۇدۇم، ئۇكام، ئۇ ھېكايىنى مەن سىز تۇغۇلۇشتىن بۇرۇنلا ئوقۇغانىدىم.

## سۆيۈشنىڭ زىيىنى

A: مېدىتسىنا ژۇرنىلىدا خەۋەر قىلىنىشىچە سۆيۈشنىڭ سالامەتلىككە زىيىنى بارمىش.

B: ناھايىتى توغرا دەپتۇ مەن تۈنۈگۈن ئاخشام قوشنىمىزنىڭ قىزىنى سۆيۈۋاتسام، دادىسى كۆرۈپ قىلىۋېدى، قورقۇپ كېتىپ، تامدىن سەكرەپ قاچىمەن دەپ يىقىلىپ كېتىپتىمەن ھازىرغىچە بېلىمنى ئالالمايۋاتىمەن.

←

## دانالار هاياتىدىن

خاتالىقنى ئىمكان قەدەر ئازراق ئۆتكۈزۈش ـ ئىنسانىنىڭ مىزانى، خاتالاشماسلىق ـ پەرىشتىنىڭ خىيالى؛ پانىي دۇنيادا هەرقانداق ئادەم خاتالىقتىن خالى بولالمايدۇ.

**ـ هيۇگو**

خاتالىقنى هەممە ئادەم سادىر قىلىدۇ، دۆت ئادەم خاتالىقتا چىڭ تۇرىدۇ.

**ـ لاتىن خەلق تەمسىلى**

خاتالىق بىلەن هەقىقەتنىڭ مۇناسىۋىتى ئۇيقۇ بىلەن ئويغاقلىق ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ئوخشايدۇ. ئادەم خاتالىقتىن هوشىنى تاپسا، يېڭى كۈچ بىلەن هەقىقەتكە قاراپ ماڭىدۇ.

**ـ گىيوتى**

هەقىقەت ئېقىنى ئۆزىنىڭ خاتا جىرالىسىدىن ئېقىپ ئۆتىدۇ.

**ـ تاگور**

ئەگەر سەن بارلىق خاتالىقنى ئىشىكنىڭ سىرتىدا قالدۇرساڭ، هەقىقەتمۇ ئىشىكنىڭ سىرتىدا قالىدۇ.

**ـ خەلق تەمسىلى**

هەقىقەتنى بىلىش جەھەتتە ئۆزىنى نوپۇزلۇق سانايدىغان هەر قانداق ئادەم، چوقۇم خۇدانىڭ مەسخىرىسىدە هالاك بولىدۇ.

**ـ ئېينىشتېين**

ئەقىللىق كىشىلەر دېگەن خاتالاشمايدىغان كىشىلەر ئەمەس. خاتالاشمايدىغان كىشى بولمايدۇ ۋە بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزمەيدىغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە خاتالىقنى ئوڭاي ۋە چاپسان تۈزىتەلەيدىغان كىشىلا ئەقىللىق كىشى هېسابلىنىدۇ.

**ـ لېنىن**

## دانالار هاياتىدىن

«مۇمكىن ئەمەس» دېگەن سۆز پەقەت دۆت ئادەملەرنىڭ لۇغىتىدىنلا تېپىلىدۇ

**ـ ناپالېئون**

ئەگەر سەندە زېغىردەك ئىشەنچ بولسا، سەن تاغقا قاراپ بۇ ياقتىن ئۇياققا يۆتكەل دېسەڭ، ئۇ جەزمەن يۆتكىلىشى مۇمكىن، هالبۇكى، سەن ئۈچۈن ئېتىقاندا مۇمكىن بولمايدىغان هېچقانداق ئىش يوق.

**ـ ماتتې**

ئۆزىنىڭ مۇشەققەت چېكىشىدىن قورققان ئادەم قورقۇنچ ئىچىدە مۇشەققەت چېكىدۇ.

**ـ مېكېل**

هەرىكەتنىڭ خۇشاللىق كەلتۈرۈشىمۇ ناتايىن، بىراق هەرىكەت بولمىسا، هەرگىز خۇشاللىق بولمايدۇ.

**ـ بېنجامىن دىسرائېل**

بىرەر ئىشنى قىلىپ باقماقچى بولۇپ، مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغانلار هېچ ئىش قىلماي مۇۋەپپەقىيەت قازانماقچى بولغانلاردىن كۆپ ياخشى.

**ـ لويىت جونېس**

نۇرغۇن چوڭ خاتالىقلارنى ئۆتكۈزمىگۈچە هېچكىم ئۇلۇغ ياكى مۇنەۋۋەر بولالمايدۇ.

**ـ ۋىليام گلادستون**

قورۇق پېشانىمىزگە چۈشسىمۇ، قەلبىمىزگە چۈشمىسۇن، روهىمىز مەڭگۈ قېرىماسلىقى كېرەك.

**ـ جامېس گارفىئېد**

هەر قانداق كەسىپتە، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ بىرىنچى قەدىمى ـ ئۇنىڭغا قىزىقىش.

**ـ ۋىليام ئوسلېر**





شولىنىڭ سىرى



كۆتۈش



بۇزۇلغان ئاشنا

— خۇدا بىر ئۇچراشتۇردى

سالام، باشلىق!
كەم دىدار قىلدى سىزنى ئالدىراشلىق.
يارىشىپتۇ سېمىزلىك، قامەت سىزگە،
چىڭ قىسىش قولىڭىزنى ئامەت بىزگە.

شۇ پەيتتە باشلىقنىڭ ھېچ سۆزى يوقتەك،
قاراشقا چولى ھەمدە كۆزى يوقتەك،
تۇراتتى قاتۇرۇلغان كاپىتاندەك،
ئۆزىنى جىم تۇرۇشقا ئاتىغاندەك.

— ۋاي باشلىق، ئويىڭىزنى بۇزۇپتىمەن،
يېتىنىپ يولىڭىزنى توسۇپتىمەن،
قولىڭىز بىر دەقىقە بىكار ئەمەس،
قولۇمنى بىلىپ تۇرۇپ سوزۇپتىمەن.

قولىڭىز يار تەرەپكە ئۆزۈم باراي،
مۇبارەك قولىڭىزنى تۇتۇۋالاي،
تامغىنى تۇتقان قوللار مۇشۇمۇ دەپ،
بىرلا رەت باش - كۆزۈمگە سۈرتۈۋالاي.
تامغىنىڭ يوقى بىزگە يوقۇپ قالسۇن
خالايىق بۇ شەرەپنى ئۇقۇپ قالسۇن.

— ئابدۇقادىر جالالىدىن شېئىرى

# 1993年第五期要目


## ●民族论坛

巨大的动力、喜人的形势
——全国落实中央民族工作会议精神情况综述 …… 本刊记者
转换民族高等教育机制的对策建议 …… 张华志
社会主义市场经济与民族问题 …… 金炳镐
市场经济条件下民族教育发展之我见 …… 韦鹏飞

## ●民族与自治地方

保安族与保安族东乡族撒拉族自治县 …… 阿里苏亚尔
我的家在积石山 …… 马建龙

## ●首都的维吾尔人

永奔的骏马
——记著名翻译家，译审艾合马德·帕沙尔 …… 泰莱德

## ●人物

民歌大师——尼沙汗 …… 尼亚孜

## ●民族风俗

维吾尔族的像征色彩意识 …… 阿布都柯里木
维吾尔男子腰带——甫塔 …… 穆汗莫德吐尔逊
维吾尔妇女的天然化装品——奥斯曼 …… 阿扎提古丽

## ●知识荟萃

穆斯林长寿的奥秘 ……
写信常识 ……

## ●世界民族

美国人的爱情与婚姻 …… 穆拉德

## ●文摘

最早的银行法 ……
世界上最小的科学家 ……
四岁的大学生 ……
一个现代父亲对儿子的劝导 ……

## ●花坛

第六胎（小说） …… 吐尔逊江



民族团结

（维吾尔文）

●主编
伊德里斯·巴拉提

●副主编
艾克巴尔·艾力

●责任编辑
哈米提·尼格买提

●出版
中国民族团结杂志社

●编辑
民族团结杂志社维编部

●地址
新疆乌鲁木齐市友好南路22号
邮政编码：830000

●印刷
新疆日报社印刷厂

●发行
乌鲁木齐市邮局

●订阅
全国各地邮局

●国外总发行
中国国际图书贸易总公司
国外代号：BM178U

●全国统一刊号
CN11——1557

●邮政发行代号
58——117









قاینام جاپپار

هۆسن خەتلىرىدىن

تاللانما








ژۇرنال ۋەكالەت نومۇرى: 117 — 58

چەت ئەلگە تارقىتىش ۋەكالەت نومۇرى: BM178U

خەلقئارالىق بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: ISSN1002 — 9184

دۆلەت ئىچىدىكى تىزىملىك نومۇرى: CN11 — 1557

(《民族团结》维吾尔文版)

باھاسى 1.00 يۈەن


140